# مۇسۇلماندارچىلىق ئاساسلىرى

تۈزگۈچى:
**ئالىمجان ئاتائۇللاھ (ھەققانى)**

**ئىستانبۇل ـ 2006**



تەكشۈرگۈچى:
مۆمىنجان سىدىق

**بۇ كىتاب:**

“Temel Dini Bilgilerden Soru - Cevap”
**ناملىق كىتابقا ئاساسەن ھازىرلاندى**

www.munber.org

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 4
بىرىنچى بۆلۈم ........................................ 7
ئېتىقاد ........................................ 7
ئىككىنچى بۆلۈم ........................................ 36
ئىبادەت ........................................ 36
ئۈچىنچى بۆلۈم ........................................ 69
سىيرەتۇننەبى ........................................ 69
تۆتىنچى بۆلۈم ........................................ 79
ئىسلام ئەخلاقى ........................................ 79
بەشىنچى بۆلۈم ........................................ 99
مەدەنىيەت ۋە ئىسلام تارىخى ........................................ 99

www.munber.org





## كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

”ئەۋلادلىرىمىزنى زامانىمىزغا كۆرە ئەمەس،

ئۇلار ياشايدىغان زامان ۋە دەۋرگە كۆرە يېتىشتۈرەيلى!“

- ھەزرىتى ئەلى -

بارلىق ھەمدۇسانا پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە بىلىپ باشقۇرغۇچىسى، ئىنسانلارنى باشقا ھايۋاناتلاردىن ئەقىل بىلەن پەرقلەندۈرگەن، ئەقىلنى ھەقىقىي قوللانغۇچىلارنى ئىمان بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ۋە ئەقىلنى قوللانمىغۇچىلارنى ئازغۇنلۇق بىلەن ھالاك قىلغان جانابى ئاللاھقا خاستۇر. رەھمەت ۋە سالام جانابى ئاللاھنىڭ دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن! جانابى ئاللاھنىڭ رەھمىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق يولىغا ئەگىشىپ ماڭغان ھەقىقەت پەرۋەر ئالىملارغا، ھەقىقەتنى بىلىشكە ئورۇنغان، بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلىغان بارلىق ئەھلى ئىسلامغا بولسۇن! ئامىين

www.munber.org

پەرزەنتلىرىمىز، ئەۋلادلىرىمىز بىزنىڭ، بىز بولساق مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشى، قانداق يېتىشتۈرۈلۈشى مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۆسمۈرلەر ئەقلىگە كىلىپ، ئاق ـ قارىنى، ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى پەرق ئېتىشكە باشلاش بىلەن تەڭ، كىشىلىك قاراش ۋە دۇنيا قاراش تىكلەشكە باشلايدۇ. بۇ دەۋردە ئۇلارغا ئائىلىسى، دوستلىرى، مەكتەپ، مۇھىت ۋە ئەڭ مۇھىمى ئايرىلماس قەدىناس دوست ھالىتىگە كەلگەن تېلىۋېزۇر ئىنتايىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قانداق بولۇپ چىقىشى بۇ مۇددەت ئىچىدە ئەتراپتىن ئالغان سەلبى ياكى ئىجابى تەسىرلەرگە باغلىق.

مۇشۇنداق بىر شارائىت ئاستىدا بىز ئاتا ـ ئانا ۋە چوڭلار، ئۇلارنىڭ كىشىلىك قاراش ۋە دۇنيا قاراش تىكلىشىگە، ياخشى ۋە يارامىلىق ئەۋلاد بولۇپ چىقىشىغا، دىنىنى ۋە مىللىتىنى چىن كۆڭلىدىن سۆيىدىغان كىشى بولۇشىغا قانداق ياردەمچى بولىمىز ياكى بولالايمىز؟ بىزلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى مەسئۇلىيىتىمىز نېمە؟

بۇ دەۋر ئىچىدە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ياخشى يېتىلىپ چىقىشى ئۈچۈن مۇھىم ۋە لازىم بولغان ھەرتۈرلۈك كىتاب، سىنئالغۇ لىنتىسى، ئۈنئالغۇ لىنتىسى قاتارلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى

www.munber.org





قولىمىزدىن كېلىشىچە تەييار قىلىپ بېرىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەمچى بولۇشىمىز لازىم.

بۇ كىتاب، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ياش ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ دىنىنى ئۆگىنىشىگە ئاز بولسىمۇ ياردەمچى بولار دېگەن ئۈمىدتە، ئۇلارنىڭ ياد ئېلىشىغا ئىنتايىن ئاسان بولسۇن ئۈچۈن سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە ئىخچام قىلىپ ھازىرلاندى. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، پەرزەنتلىرىگە تەتىل مەزگىلىدە بۇ كىتابنى ياد ئالدۇرۇشىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ كۆزدىن كۆچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كىتاب، ئىخچام قىلىمىز دېگەن چۈشەنچە بىلەن نۇرغۇن خاتالاردىن خالىي ئەمەسلىكى مۇھەققەقتۇر. قەدىرلىك ئوقۇرمەن ۋە ئىلىم ئەربابى بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ئەستايىدىل تەنقىد بېرىشىنى ۋە ئىككىنچى نەشرىگە ياردەمچى بولۇشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز!

ئالىمجان ئاتاۋۇللاھ

ھىجرىيە **1426** ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل

❁❁❁❁

www.munber.org

# بىرىنچى بۆلۈم

## ئېتىقاد

**سوئال:**

دىن دېگەن نېمە؟ دىن قانچىگە ئايرىلىدۇ؟

**جاۋاب:**

دىن، ئەقىل ئىگىسى بولغان ئىنسانلارنى ئۆز ئارزۇلىرى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق، خوشاللىق ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ھەقىقەت ۋە ئاساسلار توپلىمىدۇر.

دىن ئاساسلىق ئۈچكە ئايرىلىدۇ:

**ھەق دىن:** ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا بىلدۈرۈلگەن، ھېچقانداق ئۆزگۈرۈشكە ئۇچرىماستىن ۋە ئەسلى ھالىتى بۇزۇلماستىن زامانىمىزغىچە كەلگەن دىندۇر. مەسىلەن: ئىسلام دىنى.

**مۇھەررەف (ئۆزگەرتىلگەن) دىن:** ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا توغرا بىر رەۋىشتە يەتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، كېيىن ئىنسانلار تەرىپىدىن





ئۆزگەرتىلگەن ۋە ئەسلى بۇزۇلغان دىنلاردۇر. مەسىلەن: خىرىستىئان دىنى ۋە يەھۇدىي دىنىدۇر.

**باتىل دىنلار:** ئىنسانلار تەرىپىدىن خىيالىي بىر رەۋىشتە ئويدۇرۇلغان دىنلاردۇر. مەسىلەن: بۇتپەرەسلىك، ئاتائىزم، ئاتەشپەرەسلىك ۋەھاكەزالار...

**سوئال:**

دىنىمىز قايسى دىندۇر؟

**جاۋاب:**

دىنىمىز، ئىسلام دىنىدۇر.

**سوئال:**

ئىسلام دىنى دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

ئىسلام دىنى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرەتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيي يولى بىلەن ئەۋەتىلگەن ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ، ئىنسانلارغا توغرا رەۋىشتە يەتكۈزگەن نىزام ۋە قائىدىلەر مەجمۇئەسىدۇر.

**سوئال:**

ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدا قوبۇل بولىدىغان دىن قايسى؟ بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر قايسىلار؟



www.munber.org

**جاۋاب:**

﴿ھەقىقەتەن ئاللاھ نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر...﴾ **[ئال ئىمران سۈرىسى 19 ـ ئايەت]**

﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾ **[ئال ئىمران سۈرىسى 85 ـ ئايەت]**

**سوئال:**

ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى نىمە؟

**جاۋاب:**

ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن قانۇن ۋە ھۆكۈملەر بىلەن ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتۇر.

**سوئال:**

ئىسلام دىنى ئاساسلىق قانچە بۆلۈمگە ئايرىلىدۇ؟

**جاۋاب:**

ئۈچ ئاساسلىق بۆلۈمگە ئايرىلىدۇ:

www.munber.org





**1** ـ ئىمان، يەنى ئىسلام دىنىدا ئىشىنىش زۆرۈر بولغان بارلىق نەرسىلەرگە چىن كۆڭۈلدىن ئىشىنىش ۋە ئېتىقاد قىلىش.

**2** ـ ئىبادەت. ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا، توسقان ۋە چەكلىگەنلىرىگە بويسۇنغانلىقنى ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتىش. يەنى بەندىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش.

**3** ـ ئەخلاق، ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە ياراتقۇچىسى بىلەن، جانلىق ۋە جانسىز بارلىق مەۋجۇدىيەت بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش.

**سوئال:**

ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى نىمە؟

**جاۋاب:**

ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

ئىسلام دىنى بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئاخىرقى دىندۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن ۋە ھۆكۈملىرى بارلىق ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەندۇر.

ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ۋە كىتابلارنى تەستىق قىلىدۇ.

www.munber.org

ئىسلام دىنى بۇرۇنقى دىنلارنىڭ ھۆكۈم ۋە قائىدىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

**سوئال:**

مۇقەددەس كىتابىمىز قايسى كىتابدۇر؟

**جاۋاب:**

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن قۇرئان كەرىمدۇر.

**سوئال:**

كەلىمە تەۋھىد ۋە ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

**جاۋاب:**

كەلىمە تەۋھىد: ”لَا اِلَهَ اِلاَّ اللهُ مُحَمَّدٌ رَسُولُ الله “ مەنىسى: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق مەبۇدى بەرھەق يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ نىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر.

**سوئال:**

كەلىمە شەھادەت ۋە ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

**جاۋاب:**



www.munber.org



كەلىمە شەھادەت: ”أَشْهَدُ اَنْ لآ اِلَهَ اِلاَّ الله وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ“ مەنىسى: ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ياراتقۇچى ۋە مەبۇدى بەرھەقنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

**سوئال:**

”ئامەنتۇ“ كەلىمىسى بىلەن ئىماننىڭ بىزگە بىلدۈرۈلگەن شەرتلىرى قايسى؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىشىنىش.

ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش.

ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش.

تەقدىرگە، يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ نىڭ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.



www.munber.org

ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىش.

**سوئال:**

ئىمان دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

ئىمان، ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى ۋاستىسى بىلەن ئەۋەتكەن بارلىق قائىدە ۋە قانۇنلارغا (شەرىئەتكە) دىلى بىلەن ئىشىنىش ۋە ئىشەنگەنلىكىنى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىشتۇر.

**سوئال:**

ئېتىقادىي جەھەتتىن ئىنسانلار نەچچىگە ئايرىلىدۇ؟

**جاۋاب:**

تۆتكە ئايرىلىدۇ:

**مۆمىن:** ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەرلىكىگە، دىلى بىلەن ئىشەنگەن ۋە تىلى بىلەن تەستىق قىلغان كىشىلەردۇر.

**مۇناپىق:** ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەرلىكىگە، دىلى بىلەن ئىشەنمىگەن، ئەمما تىلى بىلەن ئىشەنگەنلىكىنى سۆزلىگەن كىشىلەردۇر.

www.munber.org





**مۇشرىك:** ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن، يەنى بىردىن كۆپ تەڭرىنىڭ بارلىقىنى داۋا قىلغان كىشىلەردۇر.

**كافىر:** ئاللاھ نىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەرلىكىگە دىلى ۋە تىلى بىلەن ئىشەنمىگەنلىكىنى ئوچۇق سۆزلىگەن كىشىلەردۇر.

**سوئال:**

ئاللاھ تائالانى قانداق تونۇيمىز؟

**جاۋاب:**

بىز ئاللاھ تائالانى ئۇ ئۆزىنى ئۆز كىتابىدا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدە قانداق تونۇتقان بولسا شۇنداق تونۇيمىز. ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغ تەڭداشسىز بىر زات بولۇپ، ئەۋۋەلىنىڭ ئىبتىداسى (باشلىنىشى) ۋە ئاخىرىنىڭ ئىنتىھاسى (تۈگەنجىسى) يوقتۇر. ئۇ بىردۇر. ھېچ بىر ئوخشىشى يوقتۇر. ھېچقانداق بىر مەخلۇقات، زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ زات (ئاللاھ) ھېچ بىر نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر. ھەر نەرسە ئۇ زاتقا (ئاللاھقا) موھتاجدۇر. كائىناتتىكى ھەرنەرسىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى جانابى ئاللاھتۇر. ئۇ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇنىڭ بىلىشى، كۆرۈشى ۋە ئاڭلىشى چەكسىزدۇر.

**سوئال:**

www.munber.org

پەرىشتىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان مەخلۇقتۇر.

پەرىشتىلەر يېمەيدۇ ـ ئىچمەيدۇ.

پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى شەرتسىز بەجا كەلتۈرىدۇ.

پەرىشتىلەر ئىنتايىن تىز سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ سانىنى ئاللاھ دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

پەرىشتىلەر ھەر زامان ئاللاھنى زىكىر قىلىش ۋە تەسبىھ ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

**سوئال:**

چوڭ پەرىشتىلەر قايسى؟ ۋەزىپىلىرى نېمە؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكى تۆت پەرىشتىدۇر:

**جىبرىئىل:** ۋەھى پەرىشتىسى بولۇپ، ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلىق رول ئوينايدۇ.

www.munber.org





**مىكائىل:** تەبىئەتتىكى بارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇلدۇر. مەسىلەن: يامغۇر، شامال، يەر تەۋرەش ۋە باشقىلار...

**ئىسرافىل:** قىيامەتنىڭ بولۇشى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەكرار تىرىلىشىنىڭ بەلگىسى بولغان سۇر چېلىشقا مەسئۇلدۇر.

**ئەزرائىل:** ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆمرى ئاخىرلاشقان ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇلدۇر.

**سوئال:**

تۆت چوڭ پەرىشتىدىن باشقا قۇرئان كەرىمدە ئىسمى زىكىر قىلىنغان پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ كىرامەن كاتىبىين: ئۇ ئىككى پەرىشتە بولۇپ، بىرى ئىنسانلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ياخشىلىقلىرىنى، يەنە بىرى ئىنسانلارنىڭ سول تەرىپىدە يامانلىقلىرىنى خاتىرلەيدۇ.

2 ـ مۇنكەر ـ نەكىر: قەبرىدە سوئال ـ سوراق قىلىشقا مەسئۇل پەرىشتىلەردۇر.

www.munber.org

3 ـ رىدۋان: جەننەتتىكى پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقىدۇر.

4 ـ مالىك: جەھەننەمدىكى پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقىدۇر.

5 ـ ھەفەزە (قوغدىغۇچى): ئىنسانلارنى ئالدى ۋە ئارقىسىدىن كۈزۈتۈپ، قازا ۋە بالالاردىن قوغدايدىغان پەرىشتىلەردۇر.

سوئال:

جىن دېگەن نىمە؟

جاۋاب:

جىن ئاللاھ تائالا ئوتتىن ياراتقان يىمەك ـ ئىچمەك ۋە كۆپىيىش جەھەتلەردە ئىنسانلارغا ئوخشىغان، كۆز بىلەن كۆرۈنمەيدىغان، ئىمان ۋە ئىبادەتتىن مۇكەللەپ (جاۋابكار) ئەقىللىق مەخلۇقلاردۇر.

سوئال:

شەيتان دېگەن نىمە؟

جاۋاب:

شەيتان:

1 ـ ئوتتىن يارىتىلغان مەخلۇقتۇر.

www.munber.org





2 ـ مەغرۇرلۇق ۋە كىبىرلىك سەۋەبى بىلەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغاندۇر.

3 ـ جەننەتتىن قوغلانغان ۋە ئاللاھ نىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغاندۇر.

4 ـ قىيامەتكىچە ياشايدۇ، ئىنسان ۋە جىنلاردىن ياردەمچىلىرى باردۇر.

5 ـ ھەر تۈرلۈك ھىلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئىنسان ۋە جىنلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىسيان قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ.

سوئال:

ۋەھيى دېگەن نىمە؟

جاۋاب:

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋاستىسىز ياكى بىر ئەلچى ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبەرلەرگە بىلدۈرۈلگەن ۋە توغرىلىقى ھەقىقى رەۋىشتە ئىسپاتلانغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردۇر.

سوئال:

مۇقەددەس كىتابلار قايسىلار ۋە كىملەرگە ئەۋەتىلگەن؟

جاۋاب:

تۆۋەندىكىلەردۇر:

www.munber.org

1 ـ تەۋرات ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا.

2 ـ زەبۇر ھەزرىتى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا.

3 ـ ئىنجىل ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا.

4 ـ قۇرئان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا.

**سوئال:**

قۇرئان كەرىم قانداق كىتابتۇر؟

**جاۋاب:**

قۇرئان كەرىم ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ئەسناسىدا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى بىلەن چۈشۈرۈلگەن، 114 سۈرە، 30 پارىدىن ئىبارەت ئىلاھىي بىر كىتابتۇر. زامانىمىزغا قەدەر بىرەر ھەرپىمۇ ئۆزگەرتىلمىگەن، ئىنسانلارنىڭ ئۇقۇلىشى ۋە ئاڭلىنىشى ئىبادەت سانىلىدىغان، ئىچىدىكى ھۆكۈملەر ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

**سوئال:**

قۇرئان كەرىم نەدە ۋە قاچان نازىل بولۇشقا باشلىدى؟

**جاۋاب:**



www.munber.org

مۇسۇلماندارچىلىق ئاساسلىرى    ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

قۇرئان كەرىم مىلادىي 610 ـ يىلى مەككە ئەتراپىدىكى ھىرا غارىدا (نۇر) تېغىدا، رامىزان ئېيىنىڭ 21 ـ كېچىسى "ئوقۇ" ئەمرى بىلەن نازىل بولۇشقا باشلاپ 23 يىلدا تامام بولدى.

**سوئال:**

تۇنجى نازىل بولغان (چۈشكەن) ئايەت قايسىدۇر؟

**جاۋاب:**

تۇنجى نازىل بولغان ئايەت، "ئەلەق" سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەتتۇر:

ئۇ ئايەتلەر: "ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن".

ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى.

ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر.

ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى.

ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.

**سوئال:**

قۇرئان كەرىمنىڭ ئەۋەتىلىش سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:**



www.munber.org

قۇرئان كەرىم، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھاياتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ھاياتىنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان.

**سوئال:**

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى مەشھۇر ئۈچ ھەدىس قايسىلار؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكىلەردۇر:

**1** ـ ”سىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكىڭلار قۇرئان كەرىمنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر“.

**2** ـ ”قۇرئان كەرىمنى ئوقۇڭلار! چۈنكى قۇرئان كەرىم سىلەرگە قىيامەت كۈندە شاپائەتچى بولىدۇ“.

**3** ـ ”ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ئىززەتلىكى قۇرئان كەرىمنى يادلىغان ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغانلاردۇر“.

**سوئال:**

سۈرە دېگەن نېمە؟ قۇرئان كەرىمنىڭ بېشىدىكى ۋە ئاخىرىدىكى سۈرە قايسىلار؟

**جاۋاب:**



www.munber.org



سۈرە، قۇرئان كەرىمدە ئەڭ ئاز ئۈچ ئايەتتىن تەركىب تاپقان ۋە ئۆز ئالدىغا ئىسمى بولغان بۆلۈملەردۇر.

باشتىكى سۈرە ”فاتىھە“ سۈرىسى.

ئاخىرقى سۈرە ”ناس“ سۈرىسى.

**سوئال:**

ئايەت كەرىم دېگەن نېمە؟ ھەدىس شەرىپ دېگەنچۇ؟

**جاۋاب:**

ئايەت، سۈرىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ۋەياكى بىر قانچە كەلىمە ياكى جۈملىلەردىن تەركىپ تاپقان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

ھەدىس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە تەستىقلىرىدۇر.

**سوئال:**

قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى دېگەن نېمە؟ تەپسىر دېگەنچۇ؟

**جاۋاب:** قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەرەب تىلىدىن باشقا بىر تىلغا ئۆرىلىشىدىن ئىبارەت.

تەپسىر، قۇرئان كەرىمنىڭ مەنا جەھەتتىن كەڭرى ئىزاھاتىدۇر.

**سوئال:**



www.munber.org

تىلاۋەت سەجدىسى دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

تىلاۋەت سەجدىسى، قۇرئان كەرىمدە سەجدە ئايەتلىرى ئوقۇلغان ۋاقىتتا قىلىنىدىغان سەجدىدۇر. قۇرئان كەرىمدە **14** يەردە سەجدە ئايىتى بار. بۇ سەجدە ئايەتلىرى قۇرئان كەرىمدە ئالاھىدە بەلگىلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن.

**سوئال:**

مۇسھەف دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

مۇسھەف، قۇرئان سەھىپىلىرىنىڭ بىر يەرگە توپلىنىپ كىتاب ھالىتىگە كەلگەن شەكلىدۇر.

**سوئال:**

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ۋە سۈرىلىرى قاچان توپلاندى؟ قاچان كۆپەيتىلدى؟

**جاۋاب:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، يېزىلغان ھالەتتە ئامانەت قويۇپ كەتكەن قۇرئان سەھىپىلىرى، ھەزرىتى ئابابەكرى زاماندا توپلىنىپ مۇسھەپ ھالىتىگە كەلگەن. ھەزرىتى ئوسمان زاماندا كۆپەيتىلىشكە باشلىغان.



www.munber.org



**سوئال:**

پەيغەمبەرلەر دەپ كىملەرگە دېيىلىدۇ؟

**جاۋاب:**

پەيغەمبەرلەر، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىغان گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئالغان ئەمر - پەرمان ۋە چەكلىمىلەرنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈشكە تەيىنلەنگەن كىشىلەردۇر.

**سوئال:**

تۇنجى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەرلەر كىملەردۇر؟

**جاۋاب:**

تۇنجى ئىنسان ۋە تۇنجى پەيغەمبەر، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر. ئاخىرقى پەيغەمبەر بولسا، ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەرلىك ئىشىكى تاقالغان بولۇپ، بۇندىن كېيىن ھېچ بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلمەيدۇ ۋە كەلمەيدۇ.

**سوئال:**

پەيغەمبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر قايسىلار؟

**جاۋاب:**



www.munber.org

تۆۋەندىكى بەش سۈپەتتۇر:

1 ـ راست سۆزلۈك (سىدق).

2 ـ ئىشەنچلىك بولۇش (ئامانەت).

3 ـ ئەقىللىق ۋە ھوشيار بولۇش (فەتانەت).

4 ـ گۇناھ ئىشلىمەسلىك (ئىسمەت)

5 ـ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئالغان ۋەھيى ۋە خەبەرلەرنى ئىنسانلارغا ئەينەن يەتكۈزۈش (تەبلىغ).

**سوئال:**

پەيغەمبىرىمىزنى باشقا پەيغەمبەرلەردىن پەرقلەندۈرگەن سۈپەتلەر قايسىلار؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكى يەتتە سۈپەتتۇر:

1 ـ پەيغەمبىرىمىز ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر.

2 ـ پەيغەمبىرىمىز ئىلىپ كەلگەن كىتاب ۋە ھۆكۈملەر قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر.

3 ـ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش مەلۇم بىر قەۋم ۋە مەلۇم بىر رايونغا ئەۋەتىلمەستىن، پۈتۈن ئىنسانلارغا ۋە جىنلارغا ئەۋەتىلگەندۇر.

www.munber.org





4 ـ ئۇزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئىلىپ كەلگەن ئىلاھىي دىنلارنى تولۇقلىغاندۇر.

5 ـ مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك قۇلىدۇر.

6 ـ پۈتۈن كائىناتقا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەندۇر.

7 ـ بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۈرنەكتۇر.

**سوئال:**

ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن ھازىرغا قەدەر قانچە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن؟

**جاۋاب:**

قۇرئان كەرىمنىڭ بىزگە بەرگەن خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ھازىرغا قەدەر، پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەن ھېچقانداق بىر قەۋم ۋەياكى مىللەت يوقتۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا، ئەمىر ـ پەرمان ۋە چەكلىمىلىرىنى بەندىلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ھەر مىللەتكە ئوخشىمىغان زامانلاردا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن. پەقەت، ئۇلارنىڭ سانلىرىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

**سوئال:**

مۆجىزە ۋە كارامەت دېگەن نېمە؟

www.munber.org

**جاۋاب:**

مۆجىزە، پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارغا بېرىلگەن، نورمال ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئىشلاردۇر.

كارامەت، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قۇللىرىغا بەرگەن ئالاھىدە قابىلىيەتتۇر.

**سوئال:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت چوڭ مۆجىزىسى قايسىلار؟

**جاۋاب:**

تۆت چوڭ مۆجىزىسى تۆۋەندىكىلەردۇر:

**1** ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى قۇرئان كەرىمدۇر.

**2** ـ ھىجرەتتىن بىر يىرىم يىل بۇرۇن، مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمدىن، قۇدۇستىكى مەسجىدي ئەقساغا بېرىپ، ئۇ يەردىن كۆككە ئۆرلىشى (يەنى مىراج) دۇر.



www.munber.org



**3** ـ بىر قۇتا سۇ ئىچىگە قولىنى قويۇشى بىلەن، بارماقلىرى ئارىسىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان سۇدا نۇرغۇن ساھابىلەرنىڭ تاھارەت ئېلىشى.

**4** ـ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئاينى ئىككى پارچىغا بۆلىشى.

**سوئال:**

پۈتۈن پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان تۈپ ئاساسلار قايسى؟

**جاۋاب:**

دىننى قوغدىماق، ئەقىلنى قوغدىماق، نەسلىنى قوغدىماق، مالنى ۋە جاننى قوغدىماق.

**سوئال:**

ئاخىرەت دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

ئاخىرەت، قىيامەت بولۇپ پۈتۈن جانلىقلار ئۆلگەندىن كېيىن، يېڭىدىن تىرىلىش بىلەن باشلانغان ۋە مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان بىر زاماندۇر.

**سوئال:**

قەبىر دېگەن نېمە؟



www.munber.org

**جاۋاب:**

ئىنساننىڭ، ئۆلۈمدىن كېيىن قىيامەت كۈنى يېڭىدىن تىرىلگىنىگە قەدەر ئۆتكەن ۋاقتى، قەبرى ھاياتى ۋە بۇ زامان ئىچىدە تۇرغان يەر بولسا قەبرى دېيىلىدۇ.

**سوئال:**

"قىيامەت" دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

"قىيامەت" دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى "تۇرماق، تىرىلمەك" دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ. دىنى مەنىسى بولسا:

1 ـ پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ بۇزۇلىشى.

2 ـ ھەرنەرسىنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ يوقىلىشى.

3 ـ يوقالغان ۋە ئۆلگەن شەيئىلەرنىڭ يېڭىدىن يارىتىلىپ تىرىلدۈرۈلىشى.

4 ـ مەھشەرگاھقا قاراپ يول ئېلىشى.

**سوئال:**

قىيامەت قاچان بولىدۇ؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن موھىم بولغىنى قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى بىلىش ئەمەس، بەلكى قىيامەت بولۇش بىلەن باشلىنىدىغان مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن توغرا ۋە مۇۋاپىق شەكىلدە ھازىرلىق قىلىشتۇر.

**سوئال:**

"مىزان" دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

"مىزان" دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى: "تارازا، تارتىش" دېگەن بولۇپ، ئاخىرەتتىكى ھېسابتىن كېيىن ھەركىمنىڭ ئەمەللىرىنىڭ (ياخشىلىق ياكى يامانلىقلىرىنىڭ) تارتىلىدىغان ئىلاھىي ئادالەت تارازىسىدۇر. تارازىدا ياخشىلىقلىرى، يامانلىقلىرىدىن ئېغىر كەلگەنلەر قۇتۇلۇش يولى بولغان جەننەتكە كىرىدۇ. يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىدىن ئېغىركەلگەنلەر بولسا، جەھەننەمگە كىرىدۇ.

**سوئال:**

"فىلسىرات" دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

www.munber.org

فىلسىرات، دوزاخ ئۈستىگە تارتىلغان كۆۋرۈكتىن ئىبارەتتۇر. ھەر قانداق مۆمىن بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتىدۇ. گۇناھسىز مۆمىنلەر بۇ كۆۋرۈكتىن بىمالال ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىدۇ. گۇناھكار مۆمىنلەر بولسا، بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەي دوزاخقا چۈشۈپ گۇناھىغا قارىتا جازالىنىدۇ.

**سوئال:**

"جەننەت" دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

جەننەتنىڭ سۆز مەنىسى: "باغچا، تۆت ئەتراپى دەرەخلەر بىلەن قورشالغان يەر" دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ. ئۇ ئەڭ ئېسىل نېمەتلەر بىلەن بېزەلگەن ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مەڭگۈ قالىدىغان ماكانىدۇر.

**سوئال:**

"جەھەننەم" دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

جەھەننەمنىڭ سۆز مەنىسى: "ئېغىر ئۆيۇقۇ" دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. ئاخىرەت كۈنى كافىرلارنىڭ ئوت ئىچىدە داۋاملىق قالىدىغان، گۇناھكار مۆمىنلەرنىڭ بولسا، گۇناھلىرى تۈگىگەنگە قەدەر جازالىنىدىغان جازا مەيدانىدۇر.



www.munber.org



**سوئال:**

"تەۋەككۇل" دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

تەۋەككۇل، قىلغان ھەرقانداق بىر ئىشىمىز ئۈچۈن، كۈچىمىز يېتىشىچە تىرىشىپ، قولىمىزدىن كەلگەننى قىلغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرماقتۇر.

**سوئال:**

"خەير ۋە شەر" دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

"خەير" نىڭ سۆز مەنىسى، ياخشىلىق ۋە پايدىلىق ئىش دېمەكتۇر. خەير، ئاللاھ تائالا ئەمر قىلغان، ياخشى كۆرىدىغان، دوست تۇتىدىغان ۋە ياقتۇرىدىغان ئىشلار دېمەكتۇر.

"شەر" نىڭ سۆز مەنىسى يامانلىق ۋە يامان ئىش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا چەكلىگەن، ياخشى كۆرمەيدىغان، دوست تۇتمايدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردۇر.

**سوئال:**

"مەزھەب" دېگەن نېمە ۋە قانچىگە بۆلىنىدۇ؟

**جاۋاب:**



www.munber.org

”مەزھەب“ ماڭىدىغان يول دېمەكتۇر. ئىككىگە ئايرىلىدۇ:

**1** ـ ئېتىقادى مەزھەبلەر: دىنى ئىتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك پەرقلىق چۈشەنچە ۋە قاراشلاردۇر.

**2** ـ ئەمەلى مەزھەبلەر: دىننى تەتبىقلاش ۋە ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە قاراشلاردۇر.

**سوئال:**

”ئەھلى سۈننەت“ دېگەن نېمە؟ ”ئەھلى بىدئەت“ دېگەنچۇ؟

**جاۋاب:**

ئەھلى سۈننەت، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىدا ماڭغان ۋە ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئەھلى بىدئەت بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىدا ماڭغان، بىراق بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىپ ئىسلام دىنىغا توغرا كەلمەيدىغان خاتا يولدا ماڭغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

**سوئال:**

ئەمەلى مەزھەبلەر قايسىلار؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





پۈتۈن مۇسۇلمانلار قوبۇل قىلغان، تۆۋەندىكى تۆت مەزھەبتۇر:

**1** ـ ھەنەفىي مەزھىبى.

**2** ـ مالىكى مەزھىبى.

**3** ـ شافىئىي مەزھىبى.

**4** ـ ھەنبەلىي مەزھىبى.

**سوئال:**

مەزھەبلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ مەقسىدى نېمە؟

**جاۋاب:**

بۇ مەزھەبلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ ـ ھەدىس ـ ھەرخىل شەكىلدە تەتبىقلىنىشىدۇر. ھەر تۈرلۈك تەتبىقلىنىش جەريانىدىكى ئەھۋال ئاستىدا، بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر سۈننىتىگە، باشقا مۇسۇلمانلار بولسا باشقا بىر سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشنى داۋام قىلدۇرىشىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر. بۇ ئەھۋال ئاستىدا، مەزھەبلەر ئۆزئارا سۆيگۈ ۋە قارنى ـ كۆكسى كەڭرى بولۇش پرىنسىپىدىن ئايرىلماسلىقى لازىم. ئىسلام دىنىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە

www.munber.org

تەپرىقچىلىك ئەمەس، بەلكى پىكىر بايلىقى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاسانچىلىق يولىنى ئېچىش كېرەك.

❁❁❁

www.munber.org





# ئىككىنچى بۆلۈم

## ئىبادەت

**سوئال:**

ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىش غايىسى نېمە؟

**جاۋاب:**

ئاللاھنى تونىماق ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلماقتۇر.

**سوئال:**

ئىبادەت دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

ئىبادەت، ئاللاھقا قۇللۇق قىلماق، ھۆرمەت كۆرسەتمەك ۋە ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن نېمەتلىرى ئۈچۈن شۈكۈر قىلماقتۇر.

دىنى مەنىدە بولسا، ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ۋەزىپەلەرنى ئادا قىلىشتىن باشقا، ئاللاھنىڭ بىزدىن كۈتكەن ھەر تۈرلۈك گۈزەل ئىش، دىنى ۋە ئەخلاقى ۋەزىپىلىرىمىزنى جايىدا ئادا قىلىشىمىزدۇر.

www.munber.org

**سوئال:**

ئىبادەت قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىبادەت باردۇر:

1 ـ بەدەن بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت. (ناماز ئوقۇماق، روزا تۇتماق...)

2 ـ مال بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت. (زاكات بەرمەك، سەدىقە بەرمەك...)

3 ـ ھەم بەدەن ھەم مال بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت. (ھەج قىلماق)

**سوئال:**

ئىسلام دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

ئىسلام، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلدۈرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ، تىلى بىلەن سۆزلىمەك ۋە ئۇلارنى ھاياتىغا تەتبىقلىماق دېمەكتۇر.

**سوئال:**

ئىسلامنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

www.munber.org





**جاۋاب:**

تۆۋەندىكى بەش شەرتتۇر:

1 ـ كەلىمەئى شەھادەت ئېيتماق.

2 ـ ناماز ئوقۇماق.

3 ـ روزا تۇتماق.

4 ـ زاكات بەرمەك.

5 ـ ھەج قىلماق.

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەت دەپ ئەمىر قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئىسلام دىنىدا يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ بىجا كەلتۈرۈشى زۆرۈر بولغان ئىبادەتلەر بۇنىڭ بىلەن قالماستىن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە بار بولغان ئەمىر ـ پەرمان ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى توغرا يوسۇندا ئورۇنداشمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ باش تارتىپ بولماس ۋەزىپىسىدۇر.

**سوئال:**

ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە جىنلارنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟

**جاۋاب:**

www.munber.org

ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە جىنلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلسۇن، ئۆزىنىڭ بىر ۋە بارلىقىنى تونۇسۇن ۋە قۇللۇق ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلسۇن دەپ ياراتقاندۇر.

**سوئال:**

مۇكەللەف كىملەردۇر؟

**جاۋاب:**

مۇكەللەف، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمان ۋە چەكلىمىلىرىدىن جاۋابكار بولغان كىشىلەرنى كۆرستىدۇ.

**سوئال:**

ئوغۇل ۋە قىزلارنىڭ مۇكەللەف ۋاقتى قانچە يېشىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ؟

**جاۋاب:**

كۆپچىلىك مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ قارىشىچە:

1. ئوغۇللاردا 12 - 15 ياشقا قەدەر.
2. قىزلاردا 9 - 15 ياشقا قەدەر.

**سوئال:**

مۇكەللەف بولغان كىشىلەرنىڭ بىلىشى ۋە قىلىشى تېگىشلىك بولغان ئىشلار قايسىلار؟

www.munber.org





**جاۋاب:**

تۆۋەندىكى سەككىز تۈرلۈك ئىشلاردۇر:

| | |
|---|---|
| 1 - پەرز. | 2 - ۋاجىب. |
| 3 - سۈننەت. | 4 - مۇستەھەب. |
| 5 - مۇباھ. | 6 - هارام. |
| 7 - مەكرۇھ. | 8 - مۇفسىد. |

**سوئال:**

پەرز دېگەن نىمە؟

**جاۋاب:**

پەرز، دىنىمىزدا قىلىنىشى كەسكىن ئەمر قىلىنغان ۋە مۇتلەق قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەردۇر. پەرزنى ئادا قىلمىغان كىشى پاسىق، ئىنكار قىلغان كىشى بولسا، كافىر بولىدۇ.

**سوئال:**

پەرز قانچىگە ئايرىلىدۇ ۋە قايسىلار؟

**جاۋاب:**

ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

1 - پەرزى ئەين، بارلىق مۇكەللەفلەرنىڭ مۇتلەق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىبادەتلەردۇر. مەسىلەن: بەش

www.munber.org

ۋاقىت نامازنى ئادا قىلىش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەج قىلىشقا ئوخشاش.....

2 ـ پەرزى كۇفايە، بەزى مۇكەللەفلەرنىڭ ئادا قىلىشى بىلەن، باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ساقىت بولغان پەرزلەردۇر. مەسىلەن: جىنازە نامىزى ئوقۇشقا ئوخشاش......

**سوئال:**

ۋاجىب دېگەن نېمە ۋە قايسىلار؟

**جاۋاب:**

ۋاجىب، پەرزگە ئوخشاش قىلىنىشى كەسكىن بولغان ۋە ئورۇندىلىشى بۇيرۇلغان ئىبادەتلەردۇر. ۋاجىبنى ئادا قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. ئىنكار قىلغان كىشى بولسا كافىر بولمايدۇ. مەسىلەن: ۋىتىر نامىزى، روزا ۋە قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇش، پىتىر سەدىقىسى بېرىش ۋە قۇربانلىق قىلىش قاتارلىقلار...

**سوئال:**

سۈننەت دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





سۈننەت، پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەرز ۋە ۋاجىبتىن باشقا قىلغان ئىشلىرىدۇر. مەسىلەن: پەرز نامازلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوقۇلىدىغان نامازلارغا ئوخشاش...

**سوئال:**

سۈننەت قانچىگە ئايرىلىدۇ؟ قايسىلار؟

**جاۋاب:**

ئىككىگە ئايرىلىدۇ:

1 ـ سۈننەتى مۇئەككەدە (تەكىتلەنگەن سۈننەت)، پەيغەمبىرىمىزنىڭ داۋاملىق قىلغان ئىش ۋە ئەمەللىرىدۇر. مەسىلەن: شام نامىزىنىڭ سۈننىتى ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاخىرقى سۈننىتى قاتارلىقلار....

2 ـ سۈننەتى غەيرى مۇئەككەدە (تەكىتلەنمىگەن سۈننەت)، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەزەن قىلىپ بەزەن تەرك قىلغان ئىش ۋە ئەمەللىرىدۇر. مەسىلەن: ئەسىر نامىزىدىن بۇرۇنقى سۈننەت خۇپتەن نامىزىنىڭ ئالدىدا ئوقۇلغان سۈننەت قاتارلىقلار....

**سوئال:**

مۇستەھەب دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

www.munber.org

مۇستەھەب، قىلسا ياخشى دەپ قارالغان ۋە ساۋاب بولىدىغان، تەرك ئەتسە گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: نەفلە ناماز ۋە نەفلە روزىغا ئوخشاش...

**سوئال:**

مۇباھ دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

مۇباھ، مۇكەللەفنىڭ قىلىش ـ قىلماسلىق ئىختىيارى بولغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: كۈندىلىك ھاياتىمىزدىكى ئولتۇرۇش، قوپۇش، مېڭىش ۋە يۈرۈشكە ئوخشاش...

**سوئال:**

ھارام دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

ھارام، دىنىمىزدا قىلىنىشى قەتئىي چەكلەنگەن ئىشلاردۇر. مەسىلەن: ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، دىنسىز ۋە باشقا دىندىكىلەر بىلەن نىكاھلىنىش، بۆھتان چاپلاش، جازانىخورلۇق قىلىش،چېقىمچىلىق قىلىش ۋە باشقىلار...

دىنىمىزدا ھارام دەپ قارالغان بىر نەرسىنى ھالال دەپ قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى قوللاش، كىشىنى ئىماندىن چىقىرىدۇ.



www.munber.org



**سوئال:**

مەكرۇھ دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

مەكرۇھ، قىلىنىشى توغرا بولمىغان، قىلماسلىقى ياخشى بولغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: ئاممىۋي سورۇندا تۈكۈرۈش، مىشقىرىش، كېكىرىش ... قاتارلىقلار.

**سوئال:**

مۇفسىد دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

مۇفسىد، باشلانغان بىر ئىبادەتنى بۇزغان نەرسىلەردۇر. مەسىلەن: نامازدا يېيىش ـ ئىچىش، سۆزلەش، كۈلۈش، روزا تۇتقان بىرىنىڭ يەپ ـ ئىچىشى ۋە باشقىلار...

**سوئال:**

تاھارەت دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

تاھارەتنىڭ سۆز مەنىسى، پاكىزلىق ۋە تازىلىق دېمەكتۇر. دىني مەنىسى بولسا، كىشىنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەلۇم ئەزا ۋە يەرلىرىنى پاكىزلىشىدۇر.



www.munber.org

**سوئال:**

تاھارەتنىڭ پەرزلىرى قانچە ۋە قايسىلار؟

**جاۋاب:**

تاھارەتنىڭ پەرزى تۆتتۇر:

1 ـ يۈزنى يۇماق.

2 ـ ئىككى قولنى جەينەككىگە قەدەر يۇماق.

3 ـ بېشىنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلماق.

4 ـ پۇتنى ئوشۇقلىرىغىچە يۇماق.

**سوئال:**

تولۇق ئېلىنغان تاھارەت قانداق؟

**جاۋاب:**

خالادا ئالدى كەينى ـ تاھارەت يوللىرىنى ـ تازىلىغاندىن كېيىن ئىككى قولىمىزنى پاكىز يۇيىمىز. ئاندىن ئاغزىمىزنى ۋە بۇرنىمىزنى ئۈچ قېتىم چايقايمىز. يۈزىمىزنى تولۇق ئۈچ قېتىم يۇيىمىز ۋە ئىككى قولىمىزنى جەينىكىمىزگىچە تولۇق يۇيىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىمىزغا (چېچىمىزغا) مەسھى قىلىمىز ۋە ئىككى پۇتىمىزنى ھوشۇقىمىزنى قوشۇپ يۇيىمىز.

**سوئال:**



www.munber.org



تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ بەدەننىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىن قان ۋە يىرىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ چىقىشى.

2 ـ ئاغزى تولغىدەك ياندۇرۇش.

3 ـ چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش ۋە يەل چىقىرىش.

4 ـ ھۇشىدىن كېتىش ۋە مەست بولۇش.

5 ـ نامازدا يېنىدىكى كىشى ئاڭلىغۇدەك كۈلۈش.

6 ـ ئۇخلىغاندا (تۆكۈرگەن ۋاقىتتا)، تۆكۈرۈكنىڭ يېرىمى ياكى كۆپ قىسمى قان بولۇش.

7 ـ يېتىپ ياكى بىر نەرسىگە يۆلىنىپ ئۇخلاش.

**سوئال:**

تاھارەت نېمە ئۈچۈن ئېلىنىدۇ؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكى ئىشلار ئۈچۈن:

1 ـ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن.



www.munber.org

2 ـ كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن.

3 ـ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ئۈچۈن.

**سوئال:**

غۇسۇل دېگەن نېمە؟ پەرزلىرى قايسىلار؟

**جاۋاب:**

غۇسۇل، بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى ھېچ قۇرۇق يەر قالدۇرماستىن تولۇق يۇيۇشتىن ئىبارەت. غۇسۇلنىڭ پەرزى ئۈچتۇر:

1 ـ ئاغزىنى چايقىماق.

2 ـ بۇرنىنى چايقىماق.

3 ـ پۈتۈن بەدەننى يۇماق.

**سوئال:**

قايسى ۋاقىتلاردا غۇسۇل قىلىش پەرز بولىدۇ؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكى ئىشلار ئۈچۈن:

1 ـ جۇنۇپلۇق. يەنى ئېھتىلام بولۇش، ياكى جىنسى مۇناسىبەتتە بولۇش.

2 ـ ئاياللارنىڭ ھەيزدىن ساقىيىشى.

www.munber.org





3 ـ تۇغقان ئاياللارنىڭ نىپاستىن ساقىيىشى.

**سوئال:**

غۇسۇلسىز نېمە ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ:

1 ـ ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ.

2 ـ قۇرئان ئوقۇشقا بولمايدۇ.

3 ـ كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا بولمايدۇ.

**سوئال:**

تەيەممۇم دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

تەيەممۇم، پاك تۇپراق ياكى تۇپراق جىنسىدىن بىر نەرسىگە قوللىرىنى ئۇرۇپ، يۈز ۋە قوللىرىنى بىر قېتىمدىن سىلىماقتۇر. تاھارەت ۋە غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن سۇ ۋە شەرائىت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تەيەممۇم قىلىنىدۇ.

**سوئال:**

تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟

**جاۋاب:**

www.munber.org

تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ نىيەت قىلماق.

2 ـ ئىككى قولنى پاك تۇپراق ياكى تۇپراق جىنسىدىن بىر نەرسىگە قوللىرنى ئىككى قېتىم ئۇرۇپ، بىرىنچىسىدە يۈزنى، ئىككىنچىسىدە قوللىرنى سىلىماقتۇر.

**سوئال:**

قانداق شارائىتلاردا تەيەممۇم قىلىنىدۇ؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكى ئىشلاردا:

1 ـ تاھارەت ئالغۇدەك ياكى غۇسۇل قىلغۇدەك سۇ تاپالماسلىق.

2 ـ سۇ بولغان بولسىمۇ، ھەرخىل سەۋەبلەردىن سۇنى قوللىنالماسلىق. (يەنى سۇنىڭ ۋۇجۇتقا زىيىنى بولغانغا ئوخشاش...)

**سوئال:**

تەيەممۇمنى نىمىلەر بۇزىدۇ؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكى نەرسىلەر بۇزىدۇ:

www.munber.org





1 ـ تاھارەتنى بۇزغان ھەر نەرسە تەيەممۇمنى بۇزىدۇ.

2 ـ تاھارەت ۋە غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان كىشىنىڭ سۇ تېپىشى ۋە سۇ ئىشلىتىشى مۇمكىن بولمىغان كىشىنىڭ سۇ ئىشلىتىشكە مۇمكىن بولىشى.

**سوئال:**

ناماز دېگەن نىمە؟

**جاۋاب:**

نامازنىڭ سۆز مەنىسى، دۇئا قىلىش ۋە ياخشى ئىش قىلىش دېمەكتۇر. دىنى مەنىسى بولسا، تەكبىر بىلەن باشلاپ سالام بىلەن ئاخىرلاشقان ئىبادەت بولۇپ، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە رەھمەت ئېيتىش ئىپادىسىدۇر.

**سوئال:**

نامازنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىلىرى قايسىلار؟

**جاۋاب:**

ئۇنىڭ پايدىسى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ ناماز، بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ؟

2 ـ ناماز، مۆمىنلىكنىڭ بىر شەرتىدۇر.

www.munber.org

3 ـ جامائەت بىلەن قىلىنغان ناماز، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ۋە بەرابەرلىكنى ئاشۇرىدۇ.

4 ـ ئىنساننىڭ مەسئۇلىياتچانلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ.

5 ـ ئىنساننى ھورۇنلۇقتىن ساقلايدۇ.

6 ـ ھاياتنى رېتىملىق ۋە مەنىلىك قىلىدۇ.

7 ـ ئىنساننىڭ بەدەن ساقلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

8 ـ ئىنساننى گۇناھ ۋە پايدىسىز ئىشلاردىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ.

**سوئال:**

ناماز كىملەرگە پەرزدۇر؟

**جاۋاب:**

نامازتۆۋەندىكىلەرگە پەرزدۇر:

1 ـ مۇسۇلمان بولغانلارغا.

2 ـ بالاغەت يېشىغا تولغانلارغا.

3 ـ ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولغانلارغا.

**سوئال:**

بەش ۋاقىت ناماز قايسىلار؟

www.munber.org





**جاۋاب:**

1 ـ بامدات نامىزى، ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئىككى رەكئەت پەرز بولۇپ، تاڭ سۈزۈلگەندە كۈن قىزىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ.

2 ـ پېشىن نامىزى، تۆت رەكئەت سۈننەت، تۆت رەكئەت پەرز ۋە ئىككى رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت بولۇپ، كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

3 ـ ئەسىر نامىزى، تۆت رەكئەت پەرز بولۇپ، ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك بولغاندا ئوقۇلىدۇ.

4 ـ شام نامىزى، ئۈچ رەكئەت پەرز ۋە ئىككى رەكئەت سۈننەت بولۇپ، كۈن پېتىشىغا ئوقۇلىدۇ.

5 ـ خۇپتەن نامىزى، تۆت رەكئەت پەرز، ئىككى رەكئەت سۈننەت بولۇپ، كۈن قىزىللىقى پۈتۈنلەي يوقىغاندىن تارتىپ، تاڭ يورىغانغا قەدەر ئوقۇلىدۇ. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، ئۈچ رەكئەت ۋىتىر نامىزى ئوقۇلىدۇ. ۋىتىر نامىزى ئوقۇماق ۋاجىبتۇر.

**سوئال:**

قانچە خىل ناماز بار؟

www.munber.org

جاۋاب:

1 ـ پەرز نامازلار. (بەش ۋاقىت نامازنىڭ پەرزلىرى)

2 ـ ۋاجىب نامازلار. (ھېيت نامىزى ۋە ۋىتىر نامىزى قاتارلىقلار...)

3 ـ سۈننەت نامازلار. (پەرز نامازلارنىڭ ئالدى ـ ئارقىدا ئوقۇلىدىغان نامازلار...)

سوئال:

نامازنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟

جاۋاب:

نامازنىڭ پەرزى ئون ئىككى بولۇپ، ئالتىسى نامازنىڭ سىرتىدا، ئالتىسى نامازنىڭ ئىچىدىدۇر.

ئا) نامازنىڭ سىرتىدىكى پەرزلەر: (بۇلار نامازنىڭ شەرتلىرىدۇر).

1 ـ ھەدەستىن پاك بولۇش: يەنى تاھارەت ئېلىش، لازىم بولسا غۇسۇل قىلىش.

2 ـ نىجاسەتتىن پاك بولۇش: ناماز ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ بەدىنىدە، ناماز ئوقۇيدىغان يېرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىدە نىجاسەت بولسا پاكلاش.

www.munber.org





3 ـ سەترى ئەۋرەت (ئەۋرەتنى يېپىش): يۆگەش لازىم بولغان يەرلەرنى يۆگەش. (ئەرلەرنىڭ كىندىك بىلەن تىزى ئارىسىنى يۆگىشى، ئاياللارنىڭ قول، پۇت ۋە يۈزدىن باشقا ھەرقايسى يېرىنى يۆگىشى)

4 ـ ئىستىقبالى قىبلە: نامازدا قىبلىگە ـ كەبىگە ـ يۈز كەلتۈرۈش.

5 ـ ۋاقىت: ھەر نامازنى ئۆز ۋاقتى ئىچىدە ئوقۇش.

6 ـ نىيەت: ئوقۇماقچى بولغان نامازنى نىيەت قىلىش.

ب) نامازنىڭ ئىچىدىكى پەرزلەر. (يەنى نامازنىڭ رۈكۈنلىرى)

1 ـ تەكبىر تەھرىمە: نامازنى تەكبىر ـ ئاللاھ ئەكبەر ـ بىلەن باشلاش.

2 ـ قىيام: يەنى ئۆرە تۇرۇش.

3 ـ 3. قىرائەت: قىيامدا تۇرغىنىمىزدا، قۇرئاندىن بىر ياكى بىرقانچە ئايەت ئوقۇش.

4 ـ رۈكۇ قىلىش: نامازدا ئىككى قولى بىلەن تىزىنى تۇتقان شەكىلدە ئالدىغا ئېگىلىش.

5 ـ سەجدە قىلىش: پۇتلىرى، تىزلىرى ۋە قوللىرى بىلەن بىرگە پېشانە ۋە بۇرنىنى يەرگە قويۇش..

www.munber.org

6 ـ قەئدە ئاخىر: ناماز ئاخىرىدا ئەتتەھىيياتۇ دۇئاسىنى ئوقۇغانغا قەدەر، ئولتۇرۇش.

**سوئال:**

نامازنىڭ ۋاجىبلىرى قايسىلار؟

**جاۋاب:**

تۆۋەندىكىلەردۇر:

نامازنى ئاللاھ ئەكبەر سۆزى بىلەن باشلاش.

پەرز نامازلارنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتىدە، نەپلە نامازلارنىڭ ھەممە رەكئەتتىدە، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش.

پەرز نامازلارنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتىدە، ۋىتىر ۋە نەپلە نامازلارنىڭ ھەممە رەكئەتتىدە، فاتىھەدىن كېيىن سۈرە ۋەياكى ئايەت ئوقۇش.

فاتىھە سۈرىسىنى باشقا سۈرىلەردىن بۇرۇن ئوقۇش.

سەجدىدە پېشانە بىلەن تەڭ، بۇرنىنى يەرگە قويۇش.

ئۈچ ۋە تۆت رەكئەتلىك نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئەتىدىن كېيىن ئولتۇرۇش. (قەئدى ئۇلا ـ يەنى بىرىنچى ئولتۇرۇش ـ دېيىلىدۇ).

نامازلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا، "ئەتتەھىيياتۇ" ئوقۇش.



www.munber.org



جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغان ۋاقىتلاردا، بامدات، جۈمە، ھېيت، تەراۋىھ ۋە ۋىتىر نامازلىرىنىڭ ھەر رەكئەتتىدە، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتىدە، ئىمامنىڭ "فاتىھە" سۈرىسىنى ئۈنلۈك ئوقۇشى. پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىدا بولسا، مەخپىي ئوقۇشى.

ۋىتىر نامىزىدا "قۇنۇت دۇئاسى" نى ئوقۇش.

ھېيت نامىزىدا، قوشۇمچە تەكبىر ئېيتىش.

تەئدىلى ئەركان: ئۆرە تۇرغاندا تۈز تۇرۇش، نامازنىڭ پۈتۈن قائىدە ـ ئەركانلىرىغا رىئايە قىلىش.

ناماز ئاخىرلاشقاندا، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە سالام بېرىش.

نامازدا خاتالىق ئۆتكۈزسە، "سەھۋى سەجدىسى" قىلىش.

**سوئال:**

تولۇق ئوقۇلغان ناماز قانداق بولىدۇ؟

**جاۋاب:**

ئەۋۋەل ئىككى قولىمىزنى "ئاللاھۇ ئەكبەر" سۆزى بىلەن تەڭ قۇلىقىمىزغىچە كۆتۈرۈپ، ئاندىن قول باغلايمىز. فاتىھە سۈرىسىنى ۋە باشقا ھەرقانداق بىر سۆرىنى بىرگە ئوقۇيمىز. ئاندىن "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ئېگىلىپ رۇكۇئغا بارىمىز ۋە "سۇبھانە رەببىيەلئەزىم" نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز. ئاندىن



www.munber.org

”سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ“ دەپ ئۆرە تۇرغاندىن كېيىن تەكرار ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ سەجدىگە بارىمىز. سەجدىدە ئۈچ قېتىم ”سۇبھانە رەببىيەلئەئلا“ نى ئوقۇپ، ئاندىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ سەجدىدىن باش كۆتىرىمىز. ئادىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ تەكرارسەجدىگە بارىمىز ۋە ئۈچ قېتىم ”سۇبھانە رەببىيەلئەلا“ دەيمىز. ئاندىن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، بىرىنچى رەكئەتكە ئوخشاش فاتىھە ۋە بىر سۈرە ئوقىغاندىن كېيىن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ بولۇپ، ”ئەتتەھىياتۇ“ دۇئاسىنى ئوقۇپ تەشەھھۇدتا ئولتۇرىمىز. تۆت رەكئەتلىك نامازلاردا تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندىن كېيىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى رەكئەتكە ئوخشاش ناماز ئوقۇپ تەكرار تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ، ئەتتەھىياتۇدىن كېيىن ئاللاھۇممە سەللى ئەلا ۋە ئاللاھۇممە بارىك ئەلا دۇئاسىنى ئوقۇپ ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ، نامازدىن چىقىمىز.

**سوئال:**

نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسى؟

**جاۋاب:**

نامازدا گەپ قىلماق، نامازدا يېمەك ـ ئىچمەك، نامازدا سالام بېرىش ۋە سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش، نامازدا گەۋدىسىنى **90** گرادۇسقا قەدەر بۇراش، نامازدا تاھارەتنىڭ بۇزۇلۇشى، نامازدا قۇرئاننى مەنىسى ئۆزگەرگۈدەك دەرىجىدە خاتا ئوقۇش.



www.munber.org



**سوئال:**

جۈمە نامىزى قاچان قىلىنىدۇ ۋە كىملەرگە پەرزدۇر؟

**جاۋاب:**

جۈمە نامىزى، جۈمە كۈنى چۈشتىن سەل ئۆتكەندە ئوقۇلىدۇ. جۈمەنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم:

**1** ـ ئەر بولۇش.

**2** ـ ھۆر ۋە ئەركىن بولۇش.

**3** ـ مۇقىم بولۇش، مۇساپىر بولماسلىق.

**4** ـ ساغلام بولۇش.

**5** ـ ئەما (كور) بولماسلىق.

**6** ـ پۇتلىرى ساغلام بولۇش.

**سوئال:**

تەراۋىھ نامىزى دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

تەراۋىھ نامىزى، رامىزان ئېيىدا خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، ۋىتىر نامىزىدىن بۇرۇن ئوقىلىدىغان **20** رەكئەت نامازدۇر.



www.munber.org

**سوئال:**

مەسجىد ۋە جامىلىرىمىزگە كىرگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم؟

**جاۋاب:**

مەسجىد ۋە جامىلىرىمىزگە كىرگەندە، پىياز ۋە سامساقتا ئوخشاش كۈچلۈك پۇراقلىق نەرسىلەرنى يېمەسلىك، پايپاق ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ پاكىز بولۇشىغا دىققەت قىلىش، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن پاراڭلىشىپ باشقىلارغا دەخلى قىلماسلىق، يانفۇن قاتارلىق ئاۋازلىق نەرسىلىرىمىزنى ئېتىۋېتىشىمىز لازىم.

**سوئال:**

تەشرىق تەكبىرى قاچان ئوقۇلىدۇ؟

**جاۋاب:**

تەشرىق تەكبىرى، قۇربان ھېيتتىن بىر كۈن بۇرۇن ئەرەفات كۈنىدىن باشلاپ، ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەسىر نامىزىغا قەدەر، **23** ۋاخ پەرز نامىزىنىڭ ئارقىسىدىن ئوقۇلىدۇ.

**سوئال:**

تەشرىق تەكبىرى دۇئاسى قايسىلار؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





تەشرىق تەكبىرى دۇئاسى: "الله اكبر الله اكبر لآ الـه الا الله والله اكبر الله اكبر ولله الحمد"

**سوئال:**

روزا دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

تاڭ سۈزۈلۈشىدىن باشلاپ، شام نامىزىغا قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدە، ئىبادەت نىيىتى بىلەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتلەردىن ئۆزاق بولۇشتۇر.

**سوئال:**

روزا كىملەرگە پەرزدۇر؟

**جاۋاب:**

ئەقىللىق ۋە بالاغەت يېشىغا توشقان پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا، رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش پەرزدۇر.

**سوئال:**

روزا تۇتۇشنىڭ پايدىلىرى نېمە؟

**جاۋاب:**

www.munber.org

روزا، ئىنساننىڭ ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

روزا، رەھىمدىللىك ۋە ياردەملىشىش تۇيغۇسىنى ئۆستۈرىدۇ.

روزا، نېمەتلەرنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىشنى ئۆگىتىدۇ.

روزا، سەۋر - تاقەتلىك بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

روزا، ئىنسانغا تۇيغۇ ۋە ئىرادىسىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىتىدۇ.

روزا، بەدەن ساقلىقىنى ساقلايدۇ.

**سوئال:**

قانچە خىل روزا تۇتۇش بار؟

**جاۋاب:**

ئا. پەرز بولغان روزا.

رامىزان ئېيىدا تۇتۇلىدىغان پەرز روزا.

رامىزان ئايلىرىنىڭ ۋاقتىدا تۇتۇلمىغان قازاسى.

كەففارەت روزىسى. (رامازان ئېيىدا قەستەن بۇزغان روزىنىڭ قازاسى)

ب. ۋاجىب بولغان روزا.

**1** - نەزىر روزىسى. (ئاللاھ ئۈچۈن روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلىش).



www.munber.org



**2** - باشلانغان نەپلە روزىسىنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالى ئاستىدا، تۇتۇلىدىغان روزا.

ج. نەپلە روزىلار. مەسىلەن: دۈشەنبە، پەيشەنبە ۋە ئاشۇرا كۈنلىرى تۇتۇلىدىغان روزا.

**سوئال:**

كىملەر روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ؟

**جاۋاب:**

يولۇچىلار.

ھامىلدار ۋە كىچىك بالىسىنى ئېمىتىدىغان ئاياللار.

روزا تۇتالمايدىغان دەرىجىدە كېسەل بولغانلار.

روزا تۇتالمايدىغان دەرىجىدە ياشانغانلار.

ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن ھاياتى تەھدىتكە ئۇچرايدىغان، بەدەن ۋە روھىي ساغلاملىقىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلار.

**سوئال:**

روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەر قايسى؟

**جاۋاب:**

بىلىپ تۇرۇپ، يېيىش - ئىچىش.



www.munber.org

بىلىپ تۇرۇپ، جىنسىي ئالاقە قىلىش.

قەستەن ئاغزى تولغىچە ياندۇرۇش.

ئىپتار ۋاقتى كەلمەستىن، ئىپتار ۋاقتى بولدى دەپ روزىسىنى بۇزۇش.

سەھەر ۋاقتى تېخى توشمىدى دەپ ئويلاپ، تاماق يېيىشنى داۋام قىلدۇرۇش.

**سوئال:**

روزىنى بۇزمايدىغان نەرسىلەر قايسى؟

**جاۋاب:**

بىلمەستىن (ئۇنتۇپ قىلىپ) يېمەك ـ ئىچمەك.

ئاغزىغا كەلگەن بەلغەمنى يۇتماق.

زورلىماي (ئىختىيارسىز) قۇسۇش.

قۇلىقىغا سۇ كىرمەك.

قان ئالدۇرماق.

چىشىنىڭ ئارىسىدا قالغان كىچىك بىر نەرسىلەرنى يۇتماق.

باشقىلارغا يامان گەپ قىلماق، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار، روزىنى بۇزمىسىمۇ، لېكىن ساۋابىنى كېمەيتىدۇ.

www.munber.org





**سوئال:**

زاكات دېگەن نېمە؟ كىملەر زاكات بېرىدۇ؟

**جاۋاب:**

زاكات، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، مەلۇم بىر مالنىڭ ئۈستىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەلۇم بىر قىسمىنى قۇرئان كەرىمدە بىلدۇرۇلگەن كىشىلەرگە بېرىشتۇر. زاكات، دىنى ئۆلچەم بويىنچە، باي ھېسابلىنىدىغان مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ھەر يىلى بېرىلىدۇ.

**سوئال:**

دىنى تەرەپتىن كىملەر باي ھېسابلىنىدۇ؟

**جاۋاب:**

ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن ۋە قەرزلىرىدىن باشقا، پۇل ـ مېلى مەلۇم ئۆلچەمگە يەتكەن كىشىلەر باي ھېسابلىنىدۇ.

**سوئال:**

زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟

**جاۋاب:**

1 ـ پېقىر: دىنى تەرەپتىن باي ھېسابلانمىغان كىشىلەرگە.

2 ـ مىسكىن: ھېچ بىر مال ـ مۈلكى بولمىغانلارغا.

www.munber.org

3 ـ قەرزدارلارغا.

4 ـ پۇلى يوق يولوچىلارغا.

5 ـ ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ۋەتىنى، مىللىتى ۋە دىنىي ئۈچۈن ئۇرۇش (كۆرەش) قىلغانلارغا.

6 ـ زاكات يىغىشقا تىينلەنگەن كىشىلەرگە.

**سوئال:**

زاكات كىملەرگە بېرىلمەيدۇ؟

**جاۋاب:**

ئاتا ـ ئانىسى ۋە چوڭ ئانا، چوڭ دادىلىرىغا.

باللىرىغا ۋە نەۋرىلىرىگە.

بايلارغا.

مۇسۇلمان بولمىغانلارغا.

ئەر خوتىنىغا.

**سوئال:**

سەدىقە ۋە فىتىر سەدىقىسى دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





سەدىقە: ئىمكانىيتى بار بولغان كىشلەرنىڭ، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن باشقىلارغا ياردەمدە بولىشىدۇر.

فىتىر سەدىقىسى بولسا، پەقەت رامىزان ئېيىدا، ئۆز تۇرمىشىنى قامدىيالايدىغان ھەر جان ئىگىسى تەرىپىدىن پېقىرلەرگە روزا ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بېرىلىدۇ.

**سوئال:**

ھەج دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

ھەج، مەككە شەھرىدىكى كەبىنى ۋە ئەتراپىدىكى مۇقەددەس سانىلىدىغان (ئەرەفات، مۇزدەلىفە، ساپا ـ مەرۋە...) ئالاھىدە يەرلەرنى ھەج ۋاقتىدا (قۇربان ھېيت مەزگىلىدە) كۆرسەتمىلەرگە ئۇيغۇن ھالەتتە تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىش دېمەكتۇر.

**سوئال:**

ھەج كىملەرگە پەرزدۇر؟

**جاۋاب:**

ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا، بالاغەت يېشىغا تولغان، ھۆر (ئەركىن)، ھەجگە بېرىپ ـ كېلىشكە قەدەر يول خىراجىتى

www.munber.org

بولغان ۋە يولدا خىيم ـ خەتەرگە ئۇچراپ قېلىش قورقىسى بولمىغان مۇسۇلمانلارغا.

**سوئال:**

قۇربانلىق قىلىش دېگەن نېمە؟ كىملەر قۇربانلىق قىلىدۇ؟

**جاۋاب:**

قۇربانلىق قىلىش، ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن، بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىت ئىچىدە، شەرتى توشقان بىر ھايۋاننى (قوي، كالا، تۆگە، ئۆچكە، قوتاز...) ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بوغۇزلىماقتۇر. قۇربانلىق قىلىش مال بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت بولۇپ، ھۆكمى ۋاجىبتۇر.

مۇسۇلمان، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا، بالاغەت يېشىغا توشقان، ئەركىن بولغان، مۇساپىر بولمىغان ۋە بايلىق ئۆلچىمىدە پۇل ـ ۋەجى بولغانلار قۇربالىق قىلىدۇ.

**سوئال:**

قەسەم دېگەن نېمە؟ قەسەم نېمىنى كەلتۈرىدۇ؟

**جاۋاب:**

قەسەم، سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. (مەسىلەن: خۇدا ھەققى...) قەسەم، تۆۋەندىكى ئىشلارنى كەلتۈرىدۇ:



www.munber.org



خاتالىق بىلەن قىلىنغان قەسەمگە، كەففارەت كەلمەيدۇ.

بىلىپ تۇرۇپ قىلغان يالغان قەسەم ئۈچۈن، تەۋبە قىلىش لازىم.

كەلگۈسىدە بىر ئىشنى قىلىدىغانلىق ياكى قىلمايدىغانلىق توغرىسىدىكى قەسەم ئۈچۈن، ئەگەر شۇ ئىشنى ئورۇندىيالمىسا، كەففارەت بېرىش كېرەك.

كەففارەت: ئۇ قەسەمنى بۇزغانلارغا، ئون كەمبەغەلنى كىيدۈرۈش ياكى ئون كەمبەغەل كىشىگە فىتىر مىقدارىدا پۇل بېرىشتۇر. ئەگەر بۇلارنى بېرىشكە كۈچى يەتمىسە، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم.

❁❁❁



www.munber.org

## ئۈچىنچى بۆلۈم

### سىيرەتۇننەبى

**سوئال:**

سىرەتۇننەبى دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

سىرەتۇننەبى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى، بىلىملەر توپلىمىدۇ.

**سوئال:**

پەيغەمبىرىمىز قاچان، نەدە دۇنياغا كەلگەن؟

**جاۋاب:**

پەيغەمبىرىمىز، مىلادىي **571** ـ يىلى **4** ـ ئاينىڭ **20** ـ كۈنى مەككە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن.

**سوئال:**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، چوڭ دادىسى ۋە ئىنىك ئانىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟

www.munber.org





**جاۋاب:**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئانىسى: ئامىنە. دادىسى: ئابدۇللاھ. چوڭ دادىسى: ئابدۇلمۇتتەلىب. ئىنىك ئانىسى بولسا ھەلىمەدۇر.

**سوئال:**

پەيغەمبىرىمىزگە پەيغەمبەرلىك نەدە ۋە قاچان كەلگەن؟

**جاۋاب:**

پەيغەمبىرىمىزگە، مىلادى **611** ـ يىلى مەككىدىكى ھىرا تېغىدا **40** يېشىدا پەيغەمبەرلىك كەلگەن.

**سوئال:**

ھەزرىتى خەدىچە كىمدۇر؟

**جاۋاب:**

ھەزرىتى خەدىجە ئانىمىز:

**1** ـ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇنجى ئايالى ۋە پۈتۈن مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىدۇر.

**2** ـ پەيغەمبىرىمىزگە تۇنجى ئىمان كەلتۈرگەن ئايالدۇر.

**3** ـ پەيغەمبىرىمىزگە ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئەڭ چوڭ ياردەمدە بولغاندۇر.

www.munber.org

4 ـ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا پۈتۈن باللىرىنىڭ ئانىسىدۇر.

سوئال:

ھەزرىتى ئائىشە كىمدۇر؟

جاۋاب:

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز:

1 ـ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالىدۇر.

2 ـ ھەزرىتى ئابابەكرىنىڭ قىزىدۇر.

3 ـ بىلىمى، ھۇشيارلىقى ۋە بىزلەرگە ئەڭ جىق ھەدىس يەتكۈزگەنلىكى بىلەن مەشھۇردۇر.

سوئال:

پەيغەمبىرىمىزنىڭ باللىرىنىڭ ئىسىملىرى نېمە؟

جاۋاب:

پەيغەمبىرىمىزنىڭ باللىرىنىڭ ئىسىملىرى:

1 ـ قاسىم

2 ـ ئابدۇللاھ.

3 ـ ئىبراھىم.

www.munber.org





4 ـ ئۈممى كۈلسۈم.

5 ـ رۇقىيە.

6 ـ زەينەب.

7 ـ فاتىمە.

سوئال:

تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلار كىملەردۇر؟

جاۋاب:

تۇنجى قېتىم مۇسۇلمان بولغانلار: ئاياللاردىن ھەزرىتى خەدىجە، باللاردىن ھەزرىتى ئەلى، قۇللاردىن زەيد ئىبنى ھارىس ۋە چوڭلاردىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدۇر.

سوئال:

پەيغەمبىرىمىز قايسى قەبىلىدىندۇر؟

جاۋاب:

پەيغەمبىرىمىز، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بەنى ھاشىم ئايمىقىدىندۇر.

سوئال:

ھىجرەت دېگەن نېمە؟ قايسى ۋاقىتتا بولغان؟

جاۋاب:

www.munber.org

هجرەت، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ مەككە شەھىرىدىن، مەدىنىگە كۆچىشىدۇر.

**سوئال:**

پەيغەمبىرىمىز ۋە تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلار نېمىشقا هجرەت قىلغان؟

**جاۋاب:**

مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتاباشلىرى پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن تۇنجى مۇسۇلمانلارغا ئۇرغۇن زۇلۇم قىلدى ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى سالدى. مەككىدە ئىسلامى هايات كەچۈرۈش، ئىسلامنى تارقىتىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقى ئۈچۈن، مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن مەككىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە هجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

**سوئال:**

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدە كىمنىڭ ئۆيىدە تۇردى؟

**جاۋاب:**

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدە، ئىستانبۇلدا قەبرىسى بولغان هەزرىتى ئەبۇ ئەييۇبەلئەنسارىنىڭ ئۆيىدە تۇردى.

**سوئال:**

www.munber.org





مۇهاجىر ۋە ئەنسارى كىملەر؟

**جاۋاب:**

مۇهاجىر، مەككىدىن مەدىنىگە كۆچكەن (هجرەت قىلغان) مۇسۇلمانلاردۇر. ئەنسار بولسا، مەدىنىگە كۆچكەن مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغان مەدىنىلىك مۇسۇلمانلاردۇر.

**سوئال:**

ساهابە دېگەن سۆز كىملەرگە قارىتىلىدۇ؟

**جاۋاب:**

ساهابە، پەيغەمبىرىمىز هايات چېغىدا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋە سۆهبەتلىرىدە بارابەر بولغان مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ.

**سوئال:**

ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى مەدرەسە (مەكتەپ) قايسى؟

**جاۋاب:**

پەيغەمبىرىمىز ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ، ئۆزى دەرس بەرگەن تۇنجى مەدرەسە (مەكتەپ) "سۇففە" مەدرىسىسىدۇر. بۇ يەردە بىلىم ئالغانلار بولسا، "ئەسهابى سۇففە ـ سۇپا ئىگىلىرى" دېيىلىدۇ.

**سوئال:**

www.munber.org

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغان ئەڭ مۇھىم جىهادلىرى قايسىلار؟

**جاۋاب:**

پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلار مەدىنىگە كۆچكىنىدە، كاپىرلار ئۇلارنى راھەت قويمىدى. بۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن پەيغەمبىرىمىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى:

بەدرى ئۇرۇشى (**624** ـ يىلى).

ئوھۇد ئۇرۇشى (**625** ـ يىلى).

خەندەك ئۇرۇشى (**626** ـ يىلى).

**سوئال:**

مەككە قاچان ئازاد بولغان ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇشرىكلەرگە قارشى مۇئامىلىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:**

مەككە، مىلادىيە **630** ـ يىلى ئازاد بولغان. مەككە ئازاد بولغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز مۇشرىكلارغا، «بۈگۈن سىلەرنى ئۇرۇپ ـ سوقۇش يوق، ھەممىڭلار ئەركىنسىلەر» دېدى ۋە ھەممىسىنى ئەپۇ قىلدى.

**سوئال:**

پەيغەمبىرىمىز قىلغان ئۇرۇشلارنىڭ مەقسىتى نېمە؟



www.munber.org



**جاۋاب:**

دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرۈش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى، ئىپپەت ـ نومۇسىنى، جان ۋە ماللىرىنى قوغداش مەقسىتىدە ئۇرۇش قىلغاندۇر.

**سوئال:**

مەسجىدى نەبى (يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدى) نەدىدۇر؟

**جاۋاب:**

مەسجىدى نەبى، مەدىنە شەھرىدە بولۇپ، ھىجرەتتىن كېيىن بىنا قىلىنغان تۇنجى مەسجىددۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسى (يەنى راۋزەئى مۇتەھھەرە) مەسجىدى نەبىنىڭ ئىچىدىدۇر.

**سوئال:**

ۋىدالىشىش ھەججى ۋە ۋىدالىشىش خۇتبىسى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

**جاۋاب:**

ۋىدالىشىش ھەججى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ **632** ـ يىلى قىلغان بىردىن ـ بىر ھەججىدۇر. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەج



www.munber.org

ئەسناسىدا **100** مىڭدىن ئاتۇق مۇسۇلمانغا مەشھۇر ۋىدالىشىش خۇتبىسىنى ئوقۇغاندۇر.

ۋىدالىشىش خۇتپىسىدا جاكالانغان بەزى ھۆكۈملەر:

**1** ـ ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بارلىق ئىشلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**2** ـ بارلىق ئىنسانلار ھەق ۋە ھوقۇقتا باربەردۇر.

**3** ـ ئىنسانلارنىڭ جېنى، مېلى ۋە ئابرۇيى قوغدىلىدۇ.

**4** ـ ئامانەتلەر ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ.

**5** ـ ھەر شەكىلدىكى جازانىخۇرلۇق ھارامدۇر.

**6** ـ قان داۋالىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**7** ـ ئەرلەر ئاياللارنىڭ، ئاياللارمۇ ئەرلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىدۇ.

**8** ـ ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن زىناخورلۇقتىن ئۇزاق تۇرىشى لازىم.

**9** ـ بارلىق مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر.

**10** ـ خىزمەتچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

**سوئال:**



www.munber.org

مۇسۇلمانارچىلىق ئاساسلىرى ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن كەلگەن تۆت خەلىپە كىملەر؟

**جاۋاب:**

تۆت خەلىپە رەت تەرتىپى بويىچە:

**1** ـ ھەزرىتى ئەبابەكرى سىددىق (**2** يىل خەلىپە بولغان)

**2** ـ ھەزرىتى ئۆمەر (**10** يىل خەلىپە بولغان)

**3** ـ ھەزرىتى ئوسمان (**12** يىل خەلىپە بولغان)

**4** ـ ھەزرىتى ئەلى (**6** يىل خەلىپە بولغان)

**سوئال:**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسلى كىم بىلەن داۋام قىلدى؟

**جاۋاب:**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسلى، قىزى ھەزرىتى فاتىمە ئانىمىز ۋە تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەلىنىڭ نىكاھلىنىشى بىلەن دۇنياغا كەلگەن ئوغلى، ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھەزرىتى ھۈسەين بىلەن داۋام قىلدى.

❁❁❁



www.munber.org

# تۆتىنچى بۆلۈم

## ئىسلام ئەخلاقى

**سوئال:**

ئەخلاق دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

ئەخلاق، ئىنسان ئۆز روھىغا سىڭدۈرگەن ئادەت ۋە خۇيلاردۇر. ئەخلاق ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ:

1 ـ ياخشى ئەخلاق.

2 ـ يامان ئەخلاق.

**سوئال:**

گۈزەل ئەخلاق دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

گۈزەل ئەخلاق، ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبىرىمىز بۇيرۇغان ۋە تەۋسىيە قىلغان، باشقا ئىنسانلارنىڭمۇ كۆڭلىگە ياقىدىغان گۈزەل ھەرىكەت ۋە سۆزلەردۇر. مەسىلەن: چوڭلارغا ھۆرمەت

www.munber.org





قىلىش، خۇشخۇي بولۇش، توغرا سۆزلۈك بولۇش ۋە جانلىقلارغا رەھىمدىل بولۇش قاتارلىقلاردۇر...

**سوئال:**

ناچار ئەخلاق دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ توسقان ۋە رازى بولمىغان ئىشلار، ئىنسانلارغا زىيانلىق بولغان ئىشلار، سەت گەپ ۋە قوپال مۇئامىلىلەر ناچار ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ.

**سوئال:**

ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ئۆرنىكىمىز كىمدۇر؟

**جاۋاب:**

ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ئۆرنىكىمىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر.

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقىنى سورىغانلارغا: ”ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى“ دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئەھزاب سۈرىسىنىڭ **21** ـ ئايىتىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾.

www.munber.org

**سوئال:**

ئەخلاقى مەجبۇرىيەتلىرىمىز قانچە قىسىمغا ئايرىلىدۇ؟

**جاۋاب:**

ئىسلام دىنىدا، ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىمىز ئالتە قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

1 ـ ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبىرىمىزگە ۋە قۇرئان كەرىمگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز.

2 ـ شەخسى ئۆزىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز.

3 ـ ئائىلىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز.

4 ـ ۋەتەن ۋە مىللىتىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز.

5 ـ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز.

6 ـ جانلىق ۋە جانسىز بارلىق شەيئىلەرگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز.

**سوئال:**

ئاللاھ تائالاغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

ئاللاھ تائالاغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە ئىشەنمەك.

www.munber.org





2 ـ ئىبادەت ۋەزىپىلىرىمىزنى ۋاقتىدا ۋە جايىدا بىجانىدىل ئورۇندۇماق.

3 ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ھەرىكەت قىلىپ، توسقان نەرسىلەردىن يىراق بولماق.

4 ـ ئاللاھ سۆيگۈسىنى ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن بىلمەك.

5 ـ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالماق.

6 ـ بەرگەن نېمەتلىرىگە كۆپ شۈكۈر قىلماق.

**سوئال:**

پەيغەمبىرىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

پەيغەمبىرىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

1 ـ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەك.

2 ـ پەيغەمبىرىمىزنى سۆيمەك ۋە ئىسمى ئاتالغاندا، دۇرۇت ئوقۇماق.

3 ـ سۈننەتلىرىنى ئۆز ھاياتىمىزغا تەتبىقلىماق.

www.munber.org

4 ـ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلماق.

**سوئال:**

قۇرئانغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

قۇرئانغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

1 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەك.

2 ـ قۇرئاننى تەجۋىدىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئوقۇماق.

3 ـ مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشماق.

4 ـ ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا كۆپ ھۆرمەت كۆرسەتمەك.

5 ـ قىل دېگەنلىرىنى قىلماق، قىلما دېگەنلىرىدىن ئۆزاق تۇرماق.

**سوئال:**

شەخسىيىتىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

شەخسىيىتىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز ئىككىگە ئايرىلىدۇ:

www.munber.org





**ئا)** بەدىنىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

1 ـ نورمال ۋە ھالال نەرسىلەردىن ئوزۇقلانماق.

2 ـ تەن سالامەتلىكىگە دىققەت قىلماق.

3 ـ پاكىز بولماق.

**ب)** روھىمىزغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

1 ـ قەلبىمىزنى خاتا ئېتىقاد ۋە ئىدىيەلەردىن پاكىزلىماق.

2 ـ روھىمىزنى پايدىلىق بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرماق.

3 ـ روھىمىزنى يامان چۈشەنچە ۋە ناچار خۇيلاردىن قۇتۇلدۇرماق.

4 ـ روھىمىزنى ياخشى ۋە ئېسىل خۇيلار بىلەن زىننەتلىمەك.

**سوئال:** ئاتا ـ ئانىمىزغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:** ئاتا ـ ئانىمىزغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

1 ـ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولماق.

www.munber.org

2 ـ ئۇلارنى سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىمىزدە ھېچ رەنجىتمەسلىك. (ئۇف! دېگەندەك سۆزلەرنى بولسىمۇ قىلماسلىق)

3 ـ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم قىلماق.

4 ـ بىر يەرگە بارماقچى بولغاندا ئۇلاردىن رۇخسەت ئالماق.

5 ـ ئۇلارغا خۇش چىراي ۋە شېرىن سۆزلۈك بولماق.

6 ـ قېرىغاندا ئۇلارنى باقماق.

7 ـ ۋاپات بولغاندا ئاخىرەتلىكىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرماق ۋە دۇئا قىلماق.

8 ـ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرماق.

**سوئال:**

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مەجبۇرىيىتى قايسىلار؟

**جاۋاب:**

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مەجبۇرىيىتى:

1 ـ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇلارغا چىرايلىق ئىسىم قويماق.



www.munber.org



2 ـ جىسمانى ۋە روھى جەھەتتىن ساغلام يېتىشتۈرمەك.

3 ـ ھارام نەرسىلەرنى يېدۈرمەسلىك.

4 ـ ئۇلارنى ياخشى كۆرمەك ۋە ھەر زامان ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەك.

5 ـ ئۇلارغا ياخشى ئۈلگە بولماق.

6 ـ ئۇلارغا دىن، مىللەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى سىڭدۈرمەك.

7 ـ ياخشى تەربىيلىمەك ۋە مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلمەك.

8 ـ دىن ۋە ئەخلاق قائىدە ـ مىزانلىرىنى ئۆگەتمەك.

9 ـ قائىدە ـ مىزانلىرىغا ئۈيغۈن ياشىشىغا يېتەكچىلىك قىلماق.

10 ـ ياخشى بىر كەسىپ ئۆگەتمەك ۋە يول كۆرسەتمەك.

11 ـ ئوغۇل پەرزەنت بولسا سۈننەت قىلماق.

12 ـ قىز ۋە ئوغۇللارنى ئۆز خاراكتىرى ۋە ئىسلام ئەخلاقى بىلەن يېتىشتۈرمەك.

13 ـ ئۆيلىنىدىغان يېشىغا كەلگەندە، ئۇلارنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويماق.



www.munber.org

**سوئال:**

ئـەر ـ ئاياللارنىڭ بىـر ـ بىرلىرىگـە بولغـان مـەجبۇرىيىتى قايسىلار؟

**جاۋاب:**

ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرلىرىگە بولغان مەجبۇرىيىتى:

**1**ـ دىن ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىدە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، تۇرمۇشتا بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلماق.

**2**ـ بىر ـ بىرىنىڭ تاپقان ـ تەگىنىنى بۇزۇپ ـ چاچماسلىق ۋە ئىسراپ قىلماسلىق.

**3**ـ باللىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىغا ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈش.

**4**ـ بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت ۋە سۆيگۈ بىلەن مۇئامىلە قىلماق ۋە ئىللىق پوزىتسىيەدە بولماق.

**5**. بىر ـ بىرىنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ۋە خۇشاللىقىغا ياردەمچى بولماق.

**سوئال:**

ئورۇق ـ تۇغقانلىرىمىزغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





ئورۇق ـ تۇغقانلىرىمىزغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

**1** ـ ئۇلارغا سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت كۆرسەتمەك.

**2** ـ ھەر ۋاقىت زىيارەت قىلماق ۋە يوقلاپ تۇرماق.

**3** ـ يىراقتا بولغانلاردىن خەت ۋە تېلېفون ئارقىلىق ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇرماق.

**4** ـ تۇرمۇشتا ياردەمگە ئېھتىياجى بولسا، ئۇلارغا ياردەم قىلماق.

**5** ـ قىيىن كۈنلەردە يېنىدا بولماق.

**سوئال:**

قوشنىلىرىمىزغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

قوشنىلىرىمىزغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

**1** ـ سالام ـ سائەت قىلىشماق.

**2** ـ ياخشى ئۆتمەك.

**3** ـ بىر ـ بىرىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلماق.

**4** ـ ياخشى ـ يامان كۈنلەردە يېنىدا بولماق.

**5** ـ ئاغرىپ قالغاندا يوقلاپ تۇرماق.

www.munber.org

6 ـ ۋاپات قىلسا، جىنازىسىگە بارماق.

7 ـ قوشنىلىرىنى بىئارام قىلماسلىق.

**سوئال:**

ۋەتىنىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

ۋەتىنىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

1 ـ ۋەتىنىمىزنى سۆيمەك.

2 ـ ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەردىن ۋەتىنىمىزنى قوغدىماق ۋە مۇداپىئە قىلماق.

3 ـ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن، مائارىپ ۋە ئىش ـ ئەمگەك ساھەسىدە تېخىمۇ تىرىشىپ ياراملىق ئادەم بولماق.

4 ـ بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ئىدىيىسىدىن يىراق تۇرماق ۋە بۇ چۈشەنچىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرماق.

5 ـ ۋەتەننىڭ ھەر بىر غېرىچ تۇپرىقىغا ئىگە چىقماق.

6 ـ ۋەتەننىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە بايلىقلىرىنى قوغدىماق.

7 ـ ۋەتەننىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلماق.

www.munber.org





**سوئال:**

مىللىتىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

مىللىتىمىزگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىز:

1 ـ ئۆز مىللىتىنى سۆيمەك.

2 ـ مىللەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرمەك.

3 ـ مىللەتنىڭ دىن، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىل ـ يېزىقىغا ئىگە چىقماق.

4 ـ ئىتتىپاقسىزلىققا سەۋەب بولىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەردىن ئۇزاق تۇرۇش.

5 ـ دىنى ۋە مىللى مەنپەئەتنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن تۇتۇش.

**سوئال:**

مۇسۇلمان بولمىغانلارغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

مۇسۇلمان بولمىغانلارغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

www.munber.org

1 ـ ئۇلارغا ئىنسانى مۇئامىلىدە بولماق.

2 ـ مېلى، جېنى ۋە ئىپپەت ـ نومۇسىغا چېقىلماسلىق.

3 ـ دىنىمىز ۋە مەدەنىيەتلىرىمىزنى بىلدۈرمەك، ئۇلارنىڭ دىنى ۋە مۇھىم بىلگەن نەرسىلىرىگە ھۆرمەت قىلماق.

4 ـ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ۋە ئەركىنلىكلىرىگە زىيان سالماسلىق.

**سوئال:**

بارلىق ئىنسانلارغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

بارلىق ئىنسانلارغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز:

1 ـ ھېچكىمگە زىيان سالمىسلىق.

2 ـ باشقىلارغا ياردەم قىلماق.

3 ـ چوڭلارنى ھۆرمەتلىمەك، كىچىكلەرنى ئىززەتلىمەك.

4 ـ ئۆز ئارا سالاملاشماق.

5 ـ زىيدىيتى بار بولغانلارنى ياراشتۇرماق.

6 ـ دوستلارنى يوقلاپ تۇرماق.



www.munber.org



7 ـ مېھمانلارنى ياخشى كۈتمەك.

8 ـ چاقىرغان يەرگە بارماق.

9 ـ باشقىلارنىڭ قۇسۇرلىرىنى كوچىلىماسلىق.

10 ـ كېسەللەرنى يوقلىماق.

11 ـ جىنازە نامىزىغا بارماق.

12 ـ باشقىلارنىڭ جېنى، مېلى ۋە ئىپپەت ـ نومۇسىنى مۇقەددەس بىلمەك ۋە قوغدىماق.

13 ـ ئۆزى ئۈچۈن مۇھىم بىلگەنلەرنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىلمەك.

14 ـ غەيۋەت ـ شىكايەت ۋە مەسخىرە قىلماسلىق.

**سوئال:**

ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە تەبىئى مۇھىتىمىزغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**

1 ـ ھايۋانلارغا جەبرى ـ زۇلۇم قىلماسلىق ۋە ئۇلارنى ئاسراش.

2 ـ تەبىئى مۇھىتنىڭ گۈزەللىكىنى ساقلاش ۋە زىيان سالماسلىق.



www.munber.org

3 ـ دەريا ـ دېڭىز ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى بۇلغىماسلىق.

4 ـ يولدا ۋە ئەتراپىمىزدا ئىنسانلارغا زىيان سالىدىغان، مۇھىتنى بۇلغايدىغان ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى قويماسلىق.

5 ـ ئەخلەت ۋە كىرەكسىز نەرسىلەرنى يوللارغا ۋە ئۇدۇل كەلگەن يەرلەرگە تاشلىماسلىق.

6 ـ ئاممىۋي سورۇندا ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدىغان قىلىقلارنى قىلماسلىق.

7 ـ بۇ قائىدىلەرگە رىئايە قىلمىغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەربىيە قىلىش.

**سوئال:**

ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ياشىغان مۇسۇلمانلاردىكى ئالاھىدىلىكلەر قايسى؟

**جاۋاب:**

1 ـ ئىماننىڭ ئاساسى شەرتلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن قەلبى بىلەن ئىشىنىپ، تىلى بىلەن تەستىق قىلىدۇ.



www.munber.org

مۇسۇلمانلارچىلىق ئاساسلىرى ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

2 ـ ئىبادەتلىرىنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەن شەكىلدە ئورۇندايدۇ.

3 ـ دىنىمىزدا چەكلەنگەن ھاراق، قىمار، ئوغۇرلۇق، خىروئىن چېكىش ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن يىراق بولىدۇ.

4 ـ يالغان سۆزلىمەيدۇ ۋە يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ.

5 ـ قولى ۋە تىلى بىلەن ھېچكىمنى رەنجىتمەيدۇ.

6 ـ ئاللاھنىڭ دوستىنى دوست، دۇشمىنىنى دۇشمەن بىلىدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرىدۇ.

7 ـ ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە يامانلىقتىن توسىدۇ.

8 ـ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ.

9 ـ ۋەزىپە ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندايدۇ.

10 ـ زىددىيەتنى بارلارنى ياراشتۇرىدۇ، سۇخەنچىلىك ۋە باز ـ بازچىلىق قىلمايدۇ.

11 ـ ياخشى ئىنسانلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىدۇ.



www.munber.org

12 ـ چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدۇ.

13 ـ ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئاسرايدۇ.

14 ـ ئۆز ئارا ئاداۋەت ساقلىمايدۇ.

15 ـ ئېھتىياجى بار كىشىلەرگە قولدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدۇ.

16 ـ باشقىلارنى كەمسىتىدىغان ۋە خورلايدىغان سۆز ھەرىكەتلەردىن يىراق بولىدۇ.

17 ـ بارلىق مۇسۇلمانلارنى قېرىنداش دەپ بىلىدۇ.

18 ـ ئۆمىدسىزلەنمەيدۇ ۋە كېلىشمەسلىكلەرگە سەبىر قىلىدۇ.

19 ـ دىنى، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن قولدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلىدۇ.

**سوئال:**

ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن (ھارام) نەرسىلەر قايسى؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش.

2 ـ ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىق.

3 ـ ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش.

4 ـ باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە ئىپپەت ـ نومۇسلىرىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش.

5 ـ مەست قىلغۇچى، ھوشسىزلاندۇرغۇچى ۋە ئەقىلنى يوق قىلغۇچى ماددىلارنى قوللىنىش.

6 ـ قىمار ئويناش، جازانىخورلۇق قىلىش ۋە ئۆسۈم يېيىش.

7 ـ يالغان سۆزلەش ۋە يالغانغا قەسەم قىلىش.

8 ـ بوھتان چاپلاش.

9 ـ يالغان گۇۋاھلىق بېرىش.

10 ـ ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق ۋە قويمىچىلىق قىلىش.

11 ـ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش، مەگسىتمەسلىك ۋە لەقەملەر بىلەن چاقىرىش.

www.munber.org

12 ـ ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ئىككى يۈزلىمچىلىك (مۇناپىقلىق) قىلىش.

13 ـ مال ـ مۈلكنى ئىسراپ قىلىش.

14 ـ ئىبادەت ۋە باشقا ئەمەللىرىنى رىيا بىلەن قىلىش.

15 ـ باشقىلارنىڭ كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كوچىلاش ۋە ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا كەمسىتىش.

16 ـ ناھەق ۋە يامان ئىشلارغا ياردەم قىلىش.

17 ـ ئامانەتكە خىيانەت قىلىش.

18 ـ دۈشمەن بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇش ۋە يەڭ ئىچىدە دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش.

19 ـ كافىرلار بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش.

**سوئال:**

مۇجاھىد، شېھىت ۋە غازى دېگەن نىمە؟ "شېھىتلىك" توغرىسىدىكى ئايەت قايسى؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





ئاللاھ يولىدا دىن، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلار مۇجاھىد، بۇ يولدا ئۆلگەنلەر شېھىت ۋە ھايات قالغانلار بولسا غازى دەپ ئاتىلىدۇ.

﴿ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (شېھىتلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر﴾ [بەقەرە سۈرىسى **154** ـ ئايەت]

❁❁❁

www.munber.org

# بەشىنچى بۆلۈم

## مەدەنىيەت ۋە ئىسلام تارىخى

**سوئال:**

ۋەتەن دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

ئۇستىدە ھۆر، ئەركىن ۋە مۇستەقىل ھالەتتە ياشىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن جانلار پىدا قىلىنغان ۋە قان تۆكۈلگەن تۇپراق، ”ۋەتەن“ دەپ ئاتىلىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش مۇقەددەستۇر ۋە ئىمان جۈملىسىدىندۇر.

**سوئال:**

مىللەت دېگەن نېمە؟ ئىرق دېگەنچۇ؟

**جاۋاب:**

ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا مەلۇم بىر تېرىتورىيەدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئورتاق تىل ـ يېزىقتا ۋە ئورتاق ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان بىر خەلق، مىللەت دەپ ئاتىلىدۇ.

www.munber.org





ئىرق بولسا، قان ۋە تىل سىستېمىسى ئاساس قىلىنغان مىللەتلەردۇر. مەسىلەن: ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك، قىرغىز، تاتار ۋە تۈركمەن قاتارلىقلار تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپتۇر.

**سوئال:**

بايراق دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

بايراق، بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقىنىڭ سىمۋولىدۇر.

**سوئال:**

ئىسلامدا مىللەت ۋە ۋەتەن ئۇقۇمى نېمە؟

**جاۋاب:**

ئىسلام دىنىدا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەر قېرىنداشتۇر. دىن قېرىنداشلىق مىللەت ئۇقۇمىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئىسلام دىنى ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسلام ئاساسىغا قارشى بولمىغان ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىل ـ يېزىقىنى ساقلاپ قېلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ھەر بىر مۇسۇلمان مىللەتنىڭ تۇپرىقى بارلىق مۇسۇلمان مىللەتنىڭمۇ تۇپرىقى ۋە ۋەتىنى ھېسابلىنىدۇ. ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تۇپرىقى ۋە ۋەتىنىنى مۇداپىئە قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈش

www.munber.org

مەسئۇلىيتى بار. باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭمۇ باشقا بىر مۇسۇلمان مىللەتنىڭ ۋەتىنىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە مۇستەقىللىقىغە مەخورلۇق قىلىش مەسئۇلىيتى ۋە مەجبۇرىيتى بار.

**سوئال:**

مۇفتى دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

مۇفتى، ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا دۇچ كەلگەن مەسىلەرنى خەلققە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان، قانۇن مەسىلىلىرىدە سوتچىلىق رولىنى ئوينايدىغان، مۇھىم دىنى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى ۋە سىياسى مەسىللەردە پەتىۋا (دىنى ھۆكۈم) بېرىدىغان كىشىدۇر.

**سوئال:**

جامە دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

جامە نىڭ لۇغەت مەنىسى ”جەملەنگەن، توپلانغان“ دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇماق ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرماق ئۈچۈن توپلىنىدىغان ئورۇندۇر.



www.munber.org



مەسجىد بولسا، دائىرىسى جامەدىن بىر ئاز كىچىك بولۇپ ئاساسەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**سوئال:**

ئىمام كىمدۇر ۋەزىپىسى نېمە؟

**جاۋاب:**

ئىمام، جامائەتكە ناماز باشلاپ ئوقۇپ بېرىدىغان، خەلقنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇندىن باشقا دىنىي، ئىجتىمائى ۋە كۈنلۈك ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كىشىدۇر.

**سوئال:**

مەزىن كىمدۇر؟ ۋەزىپىسى نېمە؟

**جاۋاب:**

مەزىن ئەزان ئوقۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ۋاقتى كەلگەن نامازغا چاقىرىدىغان ۋە ئۇندىن باشقا ئىمامنىڭ دىنى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە ياردەمچى بولىدىغان كىشىدۇر.

**سوئال:**

مۇبارەك كېچىلىرىمىز قايسىلار؟

**جاۋاب:**



www.munber.org

تۆۋەندىكىلەردۇر:

**مەۋلىد كۈنى:** پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنىدۇر. يەنى ھىجرىيە رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ **11** نى **12**- كۈنگە باغلىغان كېچىدۇر.

**مىراج كېچىسى:** ھىجرىيە رەجەب ئېيىنىڭ **27** - كېچىسى بولۇپ، بۇ كېچىدە پەيغەمبىرىمىز مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمدىن پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا ۋە ئۇ يەردىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن كېچىدۇر.

**بارات كېچىسى:** ھىجرىيە شابان ئېيىنىڭ **15** - كېچىسىدۇر. يەنى تۈنەك كېچىسى.

**قەدىر كېچىسى:** رامىزان ئېيىنىڭ **27** - كېچىسى بولۇپ، بۇ كېچىدە قۇرئان كەرىم لەۋھۇلمەھپۇزدىن دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشكەن ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيى تۇنجى قېتىم چۈشكەن كېچىدۇر. بۇ كېچە **1000** ئايدىن ئەۋزەلدۇر.

**سوئال:**

مەۋلۇت دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





مەۋلۇت، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، ئۇستۈن ئەخلاقىنى ۋە مۆجىزىلىرىنى بايان قىلىش مەقسىتىدە ئوقۇلىدىغان غەزەل شەكلىدىكى مەدھىيىلەر توپلىمىدۇر.

**سوئال:**

تارىخ دېگەن نېمە؟

**جاۋاب:**

تارىخنى مەشھۇر شەخس ئابدۇلھەمىد راشىدىن[1] قىسقىچە شۇنداق تەرىپلەيدۇ:

تارىخ ھەقىقەت ئىگىلۇر سۇنماس،
قوياشنى قار بىلەن كۆمگىلى بولماس.
تارىختۇر ئۆتمۈشنى كۆرسەتكۈچ كومپاس،
كەلگۈسى ھاياتقا قانۇنى ئاساس.

**سوئال:**

ئىسلام تارىخى قايسى دەۋردىن ئېتىبارەن باشلىنىدۇ؟

**جاۋاب:**

[1] ئابدۇلھەمىد راشىدىن، 30 - يىللاردا قاغىلىقنىڭ مۇفتىسى بولغان ۋە گومىنداڭ تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان راشىدىن مۇفتى ھاجىمنىڭ (ۋاپات تارىخى 1947 يىلى) ئوغلى. 1921 يىلى تۇغۇلۇپ 1980- يىلى 8- ئاينىڭ 14- كۈنى ۋاپات قىلغان. ئىسلام دىنى ۋە تارىخىغا ئائىت بىر قانچە ئەسىرى بار.

www.munber.org

ئىسلام تارىخى، تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشىدىن ئېتىبارەن باشلىنىدۇ.

**سوئال:**

ھىجرىيە تارىخى قاچان باشلانغان ۋە ئۇنى تۇنجى قېتىم يولغا قويغان كىشى كىم؟

**جاۋاب:**

ھىجرىيە تارىخى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ھەزرىتى ئۆمەر زامانىدا مىلادىي **638** ـ يىلى يولغا قويۇلغان.

**سوئال:**

ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلام دىنى قاچان كىمنىڭ سايىسىدە كىردى؟

**جاۋاب:**

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا، ھىجرىيە **95** ـ يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم باشچىلىقىدىكى ئىسلام غازاتچىلىرى تەرىپىدىن بۇخارا ۋە سەمەرقەند شەھىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن كىردى.

**سوئال:**

www.munber.org





ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قاچان كىمنىڭ باشچىلىقىدا قوبۇل قىلدى؟

**جاۋاب:**

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى مىلادىيە **950** ـ يىلى سۇتۇق بۇغراخان باشچىلىقىدا دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى ۋە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا دۆلەت دىنى ھالىتىگە كەلدى.

**سوئال:**

ئىمام بۇخارى كىم؟

**جاۋاب:**

ئىمام بۇخارىنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بولۇپ، بۇخارا شەھىرىدە مىلادىي **810** ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن، **870** ـ يىلى ۋاپات بولغان. **30000** غا يېقىن ھەدىس رىۋايەتنى توپلىغان. "سەھى بۇخارى" نامى بىلەن ئاتالغان بۇ كىتاب ئىسلام دىنىدا قۇرئان كەرىمدىن قالسا بىرىنچى مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

**سوئال:**

ئەبۇ نەسىر فارابى كىم؟

**جاۋاب:**

www.munber.org

ئەبۇ نەسر فارابى، قەشقەرگە قاراشلىق بالاساغۇننىڭ فاراب شەھرىدە مىلادىي **870** ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن قارلۇق ئۇيغۇر ئالىمى. ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان ئىسلام مۇتەپەككۇرى بولۇپ، ''شەرق پەلسەپىسىنىڭ ئاتىسى''، ''ئىككىنچى مۇئەللىم'' دەپ نام ئالغان. **950** ـ يىلى دەمەشق شەھرىدە **80** يېشىدا ۋاپات بولغان.

**سوئال:**

ئىبنى سىنا كىم؟

**جاۋاب:**

ئىبنى سىنانىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبۇ ئەلى ئابدۇللاھ ئىبنى سىنا بولۇپ، **980** ـ يىلى بۇخاراغا يېقىن خۇرمەسەند شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. مېدىتسىنا ئىلمىگە ئۇل سالغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ. ''ئەلقانۇن فىتتىب'' ناملىق ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى. **1037** ـ يىلى ھەمەداندا ۋاپات بولغان.

**سوئال:**

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىم؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مىلادىي **1016** ـ يىلى قەشقەرگە قاراشلىق بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى. تۈرك دۇنياسىنىڭ ئىپتىخارى. قارخانىلار دۆلىتىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى، ''قۇتادغۇ بىلىگ'' ناملىق يىرىك ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى. **1090** ـ يىلى قارخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. قەبرىسى ھازىرمۇ قەشقەر شەھرىدە.

**سوئال:**

مەھمۇت قەشقەرى كىم؟

**جاۋاب:**

مەھمۇت قەشقەرى، مىلادىي **1008** ـ يىلى قەشقەر شەھرىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى ئوپال يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى. جاھان تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، ''تۈركى تىللار دىۋانى'' نىڭ يازغۇچىسى. **1105** ـ يىلى قارخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. قەبرىسى ھازىرمۇ قەشقەر شەھرىدە.

**سوئال:**

ئابدۇلقادىر داموللام كىم؟

**جاۋاب:**

www.munber.org

ئابدۇلقادىر داموللام، مىلادىيە **1862** - يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىدا، ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. **20** - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جاھالەتكە ۋە خۇراپاتلىققا قارشى كۆرەش قىلغان، ۋەتەنپەرۋەر بۈيۈك دىنى ئالىم، شائىر ۋە ئىسلاھاتچى. **1924** - يىلى قەشقەردە خائىنلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان.

**سوئال:**

سابىت داموللام كىم؟

**جاۋاب:**

سابىت داموللام، **1883** - يىلى ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەشھۇر سىياسەتچى، مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب. **12** - نويابىر **1933** - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان ”شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى“ نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە داھىسى. سابىت داموللامنىڭ تەپسىر، ئەقىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەرەب گىرامماتىكىسىغا دائىر ئەسەرلىرى بار. **1941** - يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان.

**سوئال:**

ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم كىم؟

**جاۋاب:**

www.munber.org





ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم، گۇما ناھىيىسىدىكى ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇلجېلىل داموللامنىڭ ئوغلى بولۇپ **1925** - يىلىدا دۇنياغا كەلگەن، **1993** - يىلى **6** - ئاينىڭ **19** - كۈنى ۋاپات بولغان. **1980** - **1990** يىلى ئىچىدە قاغىلىق ناھىيىسىدە ئىلىپ بارغان دىني تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشىغا تۆرتكە بولغان بۈيۈك دىنى ئالىم ۋە ئىسلاھاتچىدۇر.

www.munber.org